مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال  مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال  شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE



# مىراس

美拉斯

5
2014

ISSN 1004-3829
10>
9 771004 382027

## ھەسەنجان روزى قوشماق

# خەتتاتلىق ئەسەرلىرى



ياش خەتتات ھەسەنجان روزى قوشماق 1974 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى توقسۇن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1990 - يىلدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «تۇرپان گېزىتى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللاردا 500 پارچىدىن ئارتۇق ھۆسنخەت ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. 30 پارچە ئەسىرى ئاپتونوم رايونلۇق ۋە مەملىكەتلىك خەتتاتلىق كۆرگەزمىلىرىگە قاتنىشىپ مۇكاپاتلانغان. 5 پارچە ئەسىرى «تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرى خەتتاتلىق كۆرگەزمىسى»گە تاللىنىپ سېئول، نيۇيورك، توكيو، بېرلىن، پارىژ، ئىستانبول ۋە دۇبەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە كۆرگەزمە قىلىنغان، 2006 - يىلدىن باشلاپ تەۋئەم خەت شەكلىنى تەتقىق قىلىپ قوشماق تەخەللۇسىنى قوللىنىپ كۆپلىگەن بەدىئىلىكى يۇقىرى تەۋئەم خەت ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىققان. 20 پارچە ئەسىرى ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەتلىك خەتتاتلىق كۆرگەزمىلىرىگە قاتناشقان ھەم مۇكاپاتلانغان.

2013 - يىلى 11 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھرىدە «ئانا»غا مەدھىيە تېمىسىدىكى شەخسىي خەتتاتلىق كۆرگەزمىسى ئاچقان.

2014 - يىلى 10 - ئايدا كورىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن «دۇنيا يېزىق سەنئىتى كۆرگەزمىسى» دە بىر پارچە ئەسىرى مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

ھەسەنجان روزى قوشماق ھازىر جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.





















# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2014 - يىل 5 - سان

(ئومۇمىي 145 - سان)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

مەرۋايىت ...... زۇلپىيە ئابدۇخېلىل (1)

## دەۋر ۋە ئەنئەنە

خاتا دىنىي چۈشەنچىلەرگە رەددىيە ...... هاجى رېھىمجان روزى (ھەسرىتى) (قازاقىستان) (10)

## ئادەت قېرىماس

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى توي مەدەنىيىتى ...... ئابدۇكېرىم تۇردى (20)

ئەنئەنىۋى مېۋە-چېۋە قۇرۇتۇش ئۇسۇللىرى ...... مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن (33)

ئۆلۈم-يېتىم ئادەتلىرىمىز ...... مەلىكىزات ئابدۇكېرىم (61)

## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

كىلىياڭ نامى ھەققىدە ئىزدىنىش ...... توخسۇن ھۈسىيىن ئەلقۇت (29)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

يىپەك يولى مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى فولكلور مەدەنىيىتى ...... جوۋ جېڭباۋ (42)



نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
**ئازاد سۇلتان** (پىروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: **خۇرسەنئاي مەمتىمىن** (مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 60
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئۆزگەرتىپ قوللىنىۋاتقان ماقال-تەمسىللەر ……… ئىلھام مۇھەممەد (51)

## ئايدىڭ كېچىلەر

بەيتلار ……… تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (55)

## ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس

ئۇيغۇر مىسكەرلىكىنىڭ سەنئەتلىك قىممىتى …… سابىرجان سېيىت (65)

## ئەجداد مىراسى — ئەۋلاد جۇلاسى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۆشۈك جابدۇق مەدەنىيىتى ……………… ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (69)

بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 31 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 31 يىللىق شانلىق تارىخىدا 145 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 31 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزەم تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: مۇنىرە مۆمىن
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس
مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: «مەختۇمسۇلا» (مىنياتۇرا رەسىم) نەۋبەت سىزغان
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئېلىجان ئىسمائىل، نەۋبەت تەمىنلىگەن

Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin

# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园

社长,总编:
**阿扎提·苏里坦**
教授,博导
副社长,副总编:
**木合塔尔·买买提**
(编审,法人代表)
**本期责任编辑:**
**胡尔仙阿依·买买提明** (编辑)
编辑:
**努尔尼沙·巴克**
**胡尔仙阿依·买买提明**
**艾孜再木·吐依洪**

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联 14 层)
电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
广告许可证号:6500006000040
邮编:830001
定价:6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# مەرۋايىت

**زۇلپىيە ئابدۇخېلىل**

بۇرۇنقى زاماندا پادىشاھى ئادىل، ئەقىل-پاراسەتلىك، يۇرتلىرى باياشات بىر خاندانلىق بولغانىكەن. مۇشۇ خاندانلىققا تەۋە چەت بىر يېزىدا بىر جۈپ ياش ئەر-ئايال ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى خۇشال-خۇرام، بەختلىك ئۆتسىمۇ، بىراق بىرەر پەرزەنتى بولمىغانلىق سەۋەبتىن كۆڭلى يېرىم ئىكەن.

ئايالىنىڭ كەينىدىن يىللار ئۆتۈپ دېھقاننىڭ چېچىغا ئاق، ئايالىنىڭ يۈزىگە قورۇق چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىستىكى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپتۇ. دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە دېھقان بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاپپاق ساقال بىر بوۋاي دېھقانغا: «ئوغلۇم، بەك غەم يەپ كەتمىگىن، سىلەر تۇرغان يېزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر ئورمانلىق بار، ئورمانلىقنىڭ غەرب شىمال يۆنىلىشىنى بويلاپ ماڭساڭ، بىر ئېگىز-لىق ئۆينى كۆرىسەن. ئۇ ئۆيدە بىر موماي يالغۇز تۇرىدۇ. مومايغا ياخشىلىق قىلساڭ، تىلەكلىرىڭگە يەتكەيسەن» دەپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. دېھقان چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ ۋە كۆرگەن چۈشلىرىنى ئەسلەپ خۇشال بولۇپتۇ. ئايالىنى چاقىرىپ كۆرگەنلىرىنى بىرمۇبىر بايان قىلىپتۇ. ئايالىمۇ ھەم ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ، ئۆي ئىچىدە ئۈمىد يۇلتۇزى پارلاپتۇ، بۇ چۈشنى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى دەپ بىلىشىپتۇ.

ئۇلار چۈشىدە كۆرگەن بوۋاينىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە موماينى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا دەرۋەقە بىر كىچىك ئۆي كۆزگە چېلىقىپتۇ. ئۇلار ئۆيگە ئاستا يېقىنلاپ كەپتۇ ۋە ئىشىكنى چېكىپتۇ. ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق سادا چىقماپتۇ، دېھقان ئىشىكنى ئىتتىرگەنىكەن، ئىشىك سەت غىچىرلاپ ئېچىلىپتۇ. ئۇلار ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا ھەيرانۇھەس قاپتۇ. ئۆي ئىچى قالايمىقان، تاملار چاشقان تەشكەنلىك سەۋەبىدىن ئۆتمۈتۆشۈك بولۇپ، ئۆرۈلۈپ چۈشكىلى ئارانلا قالغان، سۇپىدا ئەسكى كىگىز ئۈستىدە ھەم قېرى، ھەم ئورۇق بىر موماي نۇرسىز كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ئولتۇرغان.

دېھقاننىڭ ئايالىنىڭ كۆڭلىدىن دەرھال شۇنچە كۈنلەردىن بېرى ئۇ موماي قانداقمۇ تۇرمۇش كەچۈرگەندۇ، دېگەن خىيال كېچىپتۇ ۋە كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كېتىپتۇ، دېھقاننىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ.

ئۇلار موماينى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. دېھقاننىڭ ئايالى موماينى پاكىز يۇيۇپ تاراندۇرۇپتۇ، يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ. دېھقان پاقلان سويۇپ شورپا ساپتۇ. موماينىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئاپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن موماي خېلىلا ماغدۇرغا كىرىپ قاپتۇ، دېھقاننىڭ ئايالى ھەر كۈنى مومايغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىكەن.

كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە موماينىڭ كەلگىنىگىمۇ بىر يىل بولۇپتۇ. موماينىڭ ئەھۋالى بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ. بۇرۇنقى جىمغۇرلۇقىنى تاشلاپ، دېھقاننىڭ ئايالى بىلەن گۇڭۇر-مۇڭۇر پاراڭلىشىدىغان بولۇپتۇ. بىر كۈنى موماي دېھقاننىڭ ئايالىدىن ئۆزىنى نە سەۋەبتىن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. دېھقاننىڭ ئايالى كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ئەھۋالنى بايان قىلىپتۇ. موماي كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپتۇ ۋە كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا:

— تىلىكىم ئاخىر ئىجاۋەت بولۇپتۇ، سىلەرنى كۆرگەن كۈنلا كۆڭلۈم تۇيغانىدى، — دەپتۇ ۋە دېھقاننىڭ ئايالىنىڭ بېشىنى سىلاپ:

— قىزىم كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئۇ كۈنلەرگىمۇ ئاز قالدى دەپ تەسەللى بېرىپتۇ.

بىر ئايدىن كېيىن موماي ئېغىر كېسەل تارتىپ يېتىپ قاپتۇ. دېھقان بىلەن ئايالى پايپېتەك بولۇپ قىلمىغىنى قالماپتۇ، ئۇلار موماينىڭ يېنىدىن بىردەممۇ نېرى بارماپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە موماي ئۇلارغا:

— بالىلىرىم ياخشى بولالمايدىغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان، سىلەرنىڭ مېنى ئاتا-ئانالار ئورنىدا كۆرۈپ ياخشى كۈتكىنىڭلاردىن تولىمۇ مىننەتدارمەن، — دەپتۇ ۋە يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ بىر تال مەرۋايىتنى ئېلىپ، ئۇلارغا:

— سىلەر يات ئارىدا پەرزەنتلىك بولسىلەر، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، مەندە سىلەرگە قالدۇرغۇدەك نە ئۆي-بىسات، نە ئالتۇن-كۈمۈشۈم يوق، بىردىنبىر بىساتىم بولغان بۇ بىر تاللا مەرۋايىتنى سىلەرگە قالدۇرماقچىمەن. سىلەر بۇ مەرۋايىتنى پەرزەنتىڭلار ئىچىدىن سىلەرگە ئەڭ كۆيۈنىدىغان، ۋاپادار بىرىگە بېرىڭلار. يادىڭلاردا بولسۇنكى، بۇ ئادەتتىكى مەرۋايىت ئەمەس. يوچۇن ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ، — قايتا-قايتا جىكىلەپتۇ. موماينىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپتۇ، ئۇلار موماينىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، ئاخىرەت ئىشلىرىنى ئوبدان ئۇزىتىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي دېھقاننىڭ ئايالى ھامىلدار بولۇپتۇ ۋە بىر قىز پەرزەنت كۆرۈپتۇ. ئۇلار قىزىنىڭ ئايدەك چىرايلىق، گۈزەل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، قىزىغا ئايگۈزەل دەپ ئات قويۇپتۇ. ئايگۈزەل ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى دېھقاننىڭ ئايالى يەنە بىر قىز پەرزەنت يەڭگىپتۇ، خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق بولۇپتۇ. كەنجى قىزىغا ئاينۇر دەپ ئات قويۇپتۇ.

«باللىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ ئۆيى قايتىدىن جانلىنىشقا باشلاپتۇ. قىزلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ناھايىتى ئەقىللىق چوڭ بولۇشۇپتۇ، يېشىنىڭ چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ، قىزلارنىڭ خاراكتېرىدە روشەن پەرقلەر كۆرۈلۈشكە باشلاپتۇ.

ئايگۈزەل كۈنلۈكى دوستلىرى بىلەن ئويناپ، ئۆي ئىشلىرىغا قاراشمايدىغان ئەركە چوڭ بولۇپ قاپتۇ. كىچىكىنە ئاينۇر بولسا ئانىسىنىڭ كەينىدىن قالماي ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىغان، دادىسى ئېتىزدا ئىشلىسە، تاماق توشۇيدىغان، ئەمگەكچان چوڭ بولۇپتۇ.

كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتۈۋېرىپتۇ. قىزلارنىڭ چوڭى 16 گە، كىچىكى 14 ياشقا كىرىپتۇ. ھۆسن-جامالدا بىر-بىرىدىن قېلىشمىغۇدەك، كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك

چوڭ بولۇشۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇزلۇقى يىراق-يېقىنغا تاراپتۇ. ئايگۈزەل كۆنلەپ ئەينەك ئالدىدىن كەتمەيدىغان، يوق ئىشلارغىمۇ ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. قىزلارنى سوراپ قوشنا يېزىلاردىنمۇ ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ، ئايگۈزەل كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ بىرىنى نامرات دېسە، بىرىنى بىكار تەلەت؛ بىرىنى سەت دېسە، بىرىنى پاكار دەپ ئەلچىلەرگە ماقۇللۇق بەرمەپتۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى غەمگە ساپتۇ. بىر كۈنى ئاتا-ئانىسى ئايگۈزەلنى چاقىرتىپ:

— قىزىم، قىز چوڭ بولسا ياتلىق بولىدىغان گەپ، پەرھىزنى ئادا قىلماق ھەر بىر ئاتا-ئانا بولغۇچىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىدۇر، كۆزىمىزنىڭ يورۇقىدا سىلەرنى تالالىق قىلىۋالساق، بەختلىك ياشىغىنىڭلارنى كۆرسەك، بىزمۇ خاتىرجەم بولاتتۇق. بىزنىڭمۇ سىلەرنى قول ئىلكىدە بار ياخشى ئائىلىگە ياتلىق قىلىپ، جاپا-مۇشەققەتسىز ئۆتسكەن دەيدىغان ئۈمىدىمىز بار؛ شۇ گەپ ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئەجىر-مېھنەتسىز كەلگەن مال - دۇنيانىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ، ۋاپاسىز كېلىدۇ. تەر تۆكۈپ ئېرىشكەن دۇنيا بىزگە ھەقىقىي سۆيۈنۈشلۈك بولىدۇ، كۆڭلىمىزنى توق قىلىدۇ. بىزمۇ دېھقان بولغاندىن كېيىن، ئۆزىمىز بىلەن ھال-ئەھۋالى كېلىشىدىغان كىشىلەر بىلەن قۇدىلاشساق ياخشى بولىدۇ دەپ ئويلايمىز، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، ھال-ئوقىتىمىزنى بەك ياخشى دەپ ئېيتالمىساقمۇ، كۈنلىرىمىز خاتىرجەم، خۇشال ئۆتۈۋاتىدۇ، — دەپ ئايگۈزەلگە نەسىھەتلەر قىلىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ئايگۈزەلنىڭ تويى قوشنا مەھەللىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئوغلى بىلەن بولۇپتۇ. ئايگۈزەل ياتلىق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاينۇر ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. بىراق ئايگۈزەل ھەر قېتىم ئاتا-ئانىسىنىڭكىگە ئازنىلاپ كەلگىنىدە، قىينىلىپ كەتتىم، ئېتىز ئىشىغا كۆنەلمىدىم؛ قېيىنئانام ئۇنى دېدى، ئېرىم بۇنى دېدى دەپ، گەپ ئېيتىپ كېلىدىكەن. بۇنى ئاڭلىغان ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولىدىكەن. قىزىغا چىرايلىق نەسىھەتلەرنى قىلىپ يولغا سالىدىكەن. ئەمدى ئايگۈزەل ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتمايمەن دەپ داۋراڭ سېلىشقا باشلاپتۇ. دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزلارنىڭ دادىسى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ ۋە كېسىلى شىپا تاپماي ئۇ دۇنياغا ئارمان بىلەن كېتىپ قاپتۇ. بارلىق ئېغىر-يېنىك ئىشلار ئاينۇرنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۈنلىرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈپتۇ. يىغلاقاقشا بىر يىلمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئاينۇر ئاچچىقىغا پەقەتلا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، بەكمۇ ئىشچان، ئەقىللىق، ئانىسىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ياخشى پەزىلەتلىك قىز ئىكەن.

باش باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە شۇ يېزىدىكى بىر باينىڭ ئۆيىدىن ئاينۇرنى سوراپ ئەلچىلەر كىرىپتۇ. ئۇ باي ئاينۇرنى 3-خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغانىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاينۇرنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئاينۇر ئۇ باي توغرۇلۇق نۇرغۇن گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىغانىكەن. تېخى مۇشۇ يىلى قىشتا ئاينۇر ئۆستەڭدىن سۇ ئېلىپ يانىشىدا باي بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىكەن، باي ئۇنىڭغا قاراپ سېرىق چىشلىرىنى چىقىرىپ سەت ھىجايغىنىدا ئاينۇرنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىشىپ، قاتتىق سەسكىنىپ كەتكەنىكەن. مانا ئەمدى بولغاندا... ئاتا-بالا ئىككىسى كۆپ قايغۇرۇپتۇ. بايدىن قۇتۇلۇشنىڭ ھېچ بىر ئىلاجىنى تاپالماپتۇ، باي قىلمەن دېگىنىنى قىلماي قويمايدىكەن. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاينۇر ئانىسىنىڭ غەم دەستىدىن كۈندىن-كۈنگە جۈدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ. ئانىسى ئېغىزىدا بىرەر نەرسە دېمىگىنى بىلەن، ئولتۇرساقوپسا ئاينۇرنىڭ تويىنىڭ غېمىدا قاپتۇ. ئاينۇر ھەر قانچە ئويلاپمۇ ھېچ بىر ئىلاجىنى قىلالماي تىت-تىت بوپتۇ. ئاخىر ئۇ ئانىسىغا:

— جېنىم ئانا، يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ئائىلىمىزگە






تولىمۇ ئېغىر كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن. سىز لا رازى بولىدىغان بولسىڭىز مەن بۇ تويغا قوشۇلاي. ياراتقۇچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇشۇ بولىدىغان بولسا، بىز ھەم قوبۇل قىلماي ئۆزگە چارە يوقتۇر، — دەپتۇ ئاينۇر كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ. ئاينۇرنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئويلاپ بۇ گەپلەرنى دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرغان ئانىنىڭ يۈرەك باغرى لەختە-لەختە قان بوپتۇ. ئاينۇر ھەم ئۆزىنى تۇتالماي ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ، قىزىنىڭ يىغىسىغا چىدىمىغان ئانا ئاينۇرنى باغرىغا بېسىپتۇ ۋە موماي قالدۇرۇپ كەتكەن مەرۋايىتنى قىزىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ ۋە مەرۋايىتنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئاينۇر ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ، ئانىسى ئاينۇرنى قايتا باغرىغا بېسىپ، ياراتقۇچىدىن قىزىنىڭ بەختىنى تىلەپتۇ.

ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، ئاينۇرنىڭ توي كۈنى بېكىتىلىپتۇ. تويغا يېقىنلاپ قالغانسېرى ئاينۇر شۈكلىشىپ باشقىلارغا گەپ قىلماس بولۇپ قاپتۇ. پەقەت ئۈن-تىنسىز كۆز يېشىلا قىلىدىكەن. توي بولۇشقا ئۈچ كۈنلا قالغان بىر كۈنى ئاينۇر مەھەللە سىرتىدىكى دەريا بويىغا بېرىپتۇ، دەرياغا قاراپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپتۇ، تۇيۇقسىز «چولتۇلڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قىز چۆچۈپ يىغىسىدىن توختاپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپتۇ، بىراق ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ. ئاينۇر قورقۇپ كەتكىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي مېڭىشقا تەمشەلگىنىدە توساتتىن: «توختالڭ قىز» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئاينۇر ئەتراپقا شۇنچە قارىسىمۇ بىرەر جانلىقنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. بىراق ئۇ ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىغانىدى. ئاينۇر غەيرەتكە كېلىپ دەريا بويىغا يېقىن كەپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، شۇنداق چىرايلىق، قىزىل قاسراقلىق بىر بېلىق سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ قىزغا قاراپ تۇرغۇدەك. قىز بۇ ئوڭۇمۇ ياكى چۈشۈمۇ دەپ قورقۇمسىراپ تۇرغىنىدا، بېلىق زۇۋانغا كېلىپ:

— قىزچاق، نېمىگە بۇنچە قايغۇرىسىز؟ — دەپ ئاينۇرنىڭ يىغلاش سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئاينۇر باشتا گاڭگىراپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قاپتۇ. سەل ئېسىگە كېلىۋالغاندىن كېيىن، نېمە بولسام بولۇرمەن دەپ، بولغان ئىشلارنى باشتىن-ئاخىر سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە يەنە يىغلاشقا باشلاپتۇ.

بېلىق قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— كىچىكلا تۇرۇپ بېشىڭىزغا ھەقىقەتەن ئېغىر كۈنلەر چۈشۈپتۇ، — دەپ ئاينۇر ئۈچۈن قايغۇرۇپتۇ. قىز ياش يۇقى كۆزلىرىنى بېلىققا تىكىپ:

— مەن بۇ دەرياغا دائىم دېگۈدەك كېلىپ تۇرىمەن، بىراق ئىلگىرى ئەجەپ سىزنى كۆرمەپتىكەنمەنغۇ، سىز بۇ دەرياغا نە ۋەجىدىن كېلىپ قالدىڭىز، — دەپ سوراپتۇ.

بېلىق ئۆزىگە ئاينۇردىن خەۋپ كەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ پادىشاھنىڭ كۆلچىكىدىكى ئەتىۋارلىق بېلىق ئىكەنلىكىنى، شاھزادىنىڭ ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، بىراق نەچچە كۈن ئىلگىرى كۆلنىڭ سۈيىنى يېڭىلاۋاتقاندا كۆتۈلمىگەندە ئېقىپ مۇشۇ دەرياغا كېلىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە:

— قىزچاق، مېنى ئۆيىڭىزگە ئېلىپ كېتىڭ، بولمىسا مەن ئېقىپ تېخىمۇ يىراق جايلارغا كېتىشىم مۇمكىن، مېنىڭ يىراق جايلارغا سەرگەردان بولۇپ كېتىپ قالغۇم يوق، — دەپتۇ. ئاينۇرنىڭ بېلىققا ئىچى ئاغرىپتۇ ۋە ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

توي كۈنىگە ئىككى كۈنلا قاپتۇ. ئاينۇر بېلىق سېلىنغان قاچىنى ئالقىنىغا ئېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆيىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— سەۋر قىلىڭ، شاھزادە چوقۇم ھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ مېنى ئىزدىتىدۇ، ئۇلاردىن كەلگەنلەرگە مېنى تاپشۇرۇپ بېرىسىز. دە، ئۇلار بەرگەن سوۋغىلارنى قوبۇل قىلمايسىز، ئۇلاردىن پەقەت ياردەملا سورايسىز، — دەپتۇ بېلىق.

ئاينۇردا ئۈمىد پەيدا بولۇپتۇ. نېمىلا دېگەن بىلەن سىناپ بېقىش كېرەكتە، بىر كۈن ئۆتۈپتۇ. ئاينۇرنى غەم بېسىشقا باشلاپتۇ. بېلىققا قاراپ:

— ئۇردىدىكىلەر سىزنى ئىزدەپ كەلمىدى، ئېھتىمال، ئۇلار كەلگەندە ھەممە ئىشلار يۈز بېرىپ بولار، ماڭا پېشانەمگە پۈتۈلگەن تەقدىر-قىسمەتنى كۆرمەكتىن ئۆزگە چارە يوق بولسا كېرەك، تەڭرىم، ماڭا ئۆزۈڭ يار-يۆلەكتە بولغايسەن! — دەپتۇ. ئۈمىد يىپى ئۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ئاينۇر تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپتۇ. ئاينۇرنىڭ نالە-پەريادىغا چىدىمىغان بېلىقمۇ تىت-تىت بولۇپ، ئۇيان-بۇيان ئۈزۈشكە باشلاپتۇ، ئۈمىدۋار بولۇشى توغرىسىدا نە سەھەتلەر قىلغانمۇ بولۇپتۇ.

— بولار ئىش بولدى قىزىم، تويدىن يېنىۋېلىشقا ھېچ ئىلاج يوقتۇر، داداڭ رەھمىتى بولغان بولسا... —

دەپ كۆز يېشى قىلىپتۇ ئانىسى. ئانا-بالا بىر-بىرىگە تەسەللى بېرىشىۋاتقان پەيتتە، سىرتتىن ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاڭلىنىپتۇ. قۇلاق سالغۇدەك بولسا، ئوردا جاكارچىلىرى، شاھزادىنىڭ ئامراق بىلىقىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى، مۇشۇ مەھەللە سىرتىدىكى دەرياغا ئېقىپ كېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ بار ئىكەنلىكى، ئەگەر كىمدەكىم تېپىۋالسا 1000 تىللا بىلەن مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىنى جاكارلاۋاتقۇدەك.

— ئانا، جېنىم ئانا، — دەپتۇ ئاينۇر ھاياجان بىلەن ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — ئەمدى پەيتى كەلدى.

قىز ئانىسىغا بېلىقنى كۆرسىتىپ بۇ بېلىقنى ئىككى كۈن ئىلگىرى دەريادىن سۈزۈۋالغانلىقىنى، بۇ بېلىقنىڭ ئوردىدىكىلەر ئىزدەۋاتقان بېلىقنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپتۇ، ئاينۇرنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپتۇ.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ قىزىم، — دەپتۇ ئانىسى، — ساڭا ئۇۋال بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن، دۇنيادا بېلىق دېگەن تولا گەپ، ئەگەر بۇ بېلىق ئۇلار ئىزدىگەن بېلىق بولماي قالسا، قانداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەمسەن، پادىشاھنى ئالداش جىنايىتى بىلەن كاللاڭ ئېلىنىدىغان گەپ، ئەگەر ساڭا ئالمادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، مەن بۇ قېرى جېنىم بىلەن قانداق قىلىمەن، مېنى ئايىغىن قىزىم، — دەپ كۆز يېشى قىلىپتۇ.

— ئانا-بالا ئىككىڭلار نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر، بۇ بېلىق راستىنلا ئوردىدىكىلەر ئىزدىگەن بېلىق شۇمۇ، — دېگىنىچە ئايگۈزەل كىرىپ كەپتۇ، — بۇ بېلىقنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئوردىدىكىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ 1000 تىللانى ئېلىش كېرەك. 1000 تىللا، 1000 تىللا دېگەن ئاز پۇل ئەمەس، بۇ پۇللار بىلەن ئانام ئىككىمىز يامان ئەمەس تۇرمۇش كەچۈرەلەيمىز، — ئايگۈزەل شۇنداق دېگىنىچە بېلىق قاچىسىنى ئېلىپ مېڭىشقا تەمشىلىپتۇ.

— توختا ئاچا، ئانام ئىككىمىز دەيسەنغۇ، مەن، مەن قانداق قىلىمەن، — دەپتۇ ئاينۇر ئاچىسىنىڭ يولىنى توسۇپ.

— توۋا، نەدىمۇ سەندەك ئەخمەق ئادەم بار. ئەتە تويۇڭ ئىكەنلىكىنى، بايغا خوتۇن بولىدىغانلىقىڭنى ئۇنتۇدۇڭمۇ قانداق؟ پۇللارنى باي ئېرىڭنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەتمە





MIRAS

سەگمۇ پۇل بار يەرگە كېتىپ بارغىنىڭنى بىلمىسەڭ كېرەك، يولۇمنى توسقۇچى بولما!

— ئاچا، جېنىم ئاچا، تويىنىڭ مېنىڭ خاھىشىم بويىچە ئەمەسلىكىنى بىلسەڭغۇ، ئۇ ئاچ كۆز بايغا ياتلىق بولغۇم يوق، مېنىمۇ ئويلاپ قويغىن، — دەپتۇ ئاينۇر يالۋۇرۇپ.

— نېمە دەيسەن، سېنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش بىر گادايي دېھقان بىلەن توي قىلىپ، بىر ئۆمۈر ئات-ئېشەكتەك ئېتىز-ئېرىقنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتكۈڭ بارمىدى. تېخى بايغا ياتلىق بولماسمىش، يېشى چوڭ بولسا نېمە بولۇپتۇ، پۇل دېسە پۇلى بار، ئولتۇرىدىغانغا بىر چىرايلىق قورۇ-جايى بار. مەھەللىمىزدە بارماق چىقىرىپ سانىغۇدەك بايلارنىڭ بىرىغۇ. مۇشۇلارنىڭ ئۆزىلا سېنىڭ ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشۇڭغا يېتىپ ئاشىدىغان سەۋەبلەر، بېشىغا بەخت قۇشى قونسا بىلمەيدىغان، — ئايگۈزەل سىرتقا قاراپ ئۇقتەك ئۇچۇپتۇ. ئانىسى دوڭغاقلىغىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئىشىك جالاقىدە يېپىلىپتۇ. ئاينۇرغا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرماقتىن باشقا چارە قالماپتۇ، ئۇ بىر بولۇڭدا تىزىنى قۇچاقلىغىنىچە كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلارنى تۆكۈپتۇ، تەڭرىدىن مەدەت تىلەپتۇ.

تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ ئىشىك ئالدىدا نۇرغۇنلىغان ئادەملەر پەيدا بولۇپتۇ. ئۇلار ئارىسىدا ئالاھىدە كېيىنگەن بىر مويسىپىتمۇ بار ئىكەن. ئاينۇر بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئۇردا ئەمەلدارى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپتۇ. ئەمەلدار ئاينۇرغا تارتۇقنى ئېلىۋېلىشنى ئېيتىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغىنىدا، ئاينۇر ئەمەلدارغا يالۋۇرۇپ:

— ئۆزلىرىدىن ئۆتۈنگەن بولاي، پۇلنى ئالمىساممۇ ئالماي، كىچىككىنە ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى، قۇلاق سېلىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن. ئاينۇر يېقىندا تويى بولىدىغانلىقىنى قىسقا قىلىپ سۆزلەپتۇ.

— بايغا خوتۇن بولغۇم يوق، ماڭا ياردەم قىلسىلا، — دەپ سۆزنى تاماملاپتۇ. ئەمەلدار بىردە ئاينۇرغا، بىردە ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپتۇ. ئەتراپتىكى بەزى ئادەملەر ئاينۇرغا ئىچ ئاغرىتسا، يەنە بەزىلىرى بۇ ئىشنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوقلۇقىنى، سورۇشتۇرۇپ يۈرمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ. ئاينۇرنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن بولۇپ، تېخىچىلا ئىسەدەۋاتاتتى. ئەمەلدار بىر ھازا تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— يۇرۇڭ قىزىم، بىز بىلەن بىللە ئۇردىغا بېرىڭ، دەۋايىڭىزنى ئاشۇ يەردە سورايمىز، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئاينۇر ئانىسىغا قاراپتۇ، موماي بېشىنى لىڭشىتىپتۇ. ئاينۇر ئۇلارغا ئەگەشكىنىچە ئۇردا تامان يول ئاپتۇ. ئايگۈزەلنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش كىچىككىنە يېزىدا چاقماق تېزلىكىدە تاراپ كېتىپتۇ، قېرى-ياش، ئەر-ئايال ھەممە قىزىقىپ سۆزلىشىدىغانغا ئوبدانلا پاراڭ تېمىسى بولۇپ قاپتۇ.

ئەمەلدار ۋە نۆكەرلەر ئارىسىدا ئاينۇر ئەتراپىقا قىزىقىش بىلەن قاراپ مېڭىپتۇ. ئوردا شۇ قەدەر ھەشەمەتلىك ئىكەنكى، ئاينۇر بۇلارنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىكەن. خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن ئۇلار كاتتا بىر سارايغا كېلىپ توختاپتۇ. ئىشىك باقارلار شاھزادىگە ئەمەلدارنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىپتۇ. شاھزادە تېز-تېز مېڭىپ چىقىپ كەپتۇ. سالامدىن كېيىن:

— سىنى تولىمۇ سېغىندىم، بۇنىڭدىن كېيىن كەپسىزلىك قىلىشىڭىزغا يول قويمايمەن، — دەپ بېلىقدانىنى قولىغا ئاپتۇ. شاھزادە ئەمەلدارغا قاراپ:

— يارايسىز، ئىشنى جايىدا قىلالايدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، سىزگىمۇ ئىنئام بېرىلىدۇ، — دەپ مېڭىشقا تەمشەلىپتۇ ۋە كۆزى ئاينۇرغا چۈشۈپتۇ. ئاينۇر يەردىن بېشىنى ئالالماپتۇ. نېمە دېيىشنى بىلەلمەيلا قاپتۇ. پۈتۈن ئەزايى تىترەپ ئوتتەك يېنىشقا باشلاپتۇ.

— بۇ كىم بولىدۇ؟

— بۇ سىلىنىڭ بېلىقلىرىنى تېپىۋالغان قىز بولىدۇ، شاھزادەم.

— ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى نېمە؟

— بىز ئۇنىڭغا تارتۇقلىغان پۇلنى ئالمىدى، شاھزادەم.

— نېمە؟ پۇلنى ئاز كۆرگەن بولسا ئۆزۈڭلار بىلىپ رازى قىلساڭلار بولماسمىدى.

— ياق، ياق ھەددىم ئەمەس، — دەپتۇ ئاينۇر قورقۇمسىراپ. ئۇ يەر تېگىدىن ئەمەلدارغا قاراپتۇ.

— نامراتلىق گۇناھمۇ؟ مەن ئۇنىڭ قىزىچىلىك تۇرسام، نېمىشقا، نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ — دەپ ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشىغا رازى ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى باسالماي ھۆكرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. تولا يىغلاپ ھەم تېنى بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن، بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ، شاھزادە نېمە ئىش بولغانلىقىنى زادىلا ئاڭقىرالماپتۇ.

ئاينۇر ئاستا كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ شۇنداق ئېسىل بېزەلگەن ھۇجرىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بولغان ئىشلارنى ئەسلەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ياش تۆكۈپتۇ. شاھزادە بىر

قانچە ئوردا تېۋىپلىرىنى باشلاپ كىرىپ كەپتۇ. ئاينۇرنىڭ تېخىچىلا يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىئارام بوپتۇ، ئوردا تېۋىپلىرى ئاينۇرنىڭ ياخشى ئارام ئالسىلا ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە ئاينۇرغا قاراپتۇ. ئاينۇر قىزىرىپ، ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قېچىپتۇ. شاھزادە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاۋۋال ياخشى ئارام ئېلىڭ، ئاندىن پاراڭلىشارمىز، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئاينۇرنىڭ ئوردىدا تۇرغىنىغىمۇ ئىككى كۈن بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كېنىزەك قىزلار بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كېتىپتۇ، كېنىزەكلەر ئاينۇرنىڭ تولىمۇ كەمتەر، ئەخلاقلىق تەربىيىنى بەكمۇ ياقتۇرۇشىدىكەن. پۇرسەت تاپسىلا ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىدىكەن. بىر كۈنى ئاينۇر ھۇجرىدىن چىقىپ، باغنى سەيلە قىلىشقا باشلاپتۇ. سۇلىرى سۈزۈك، ئەتراپىدا مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ تۇرغان كۆل ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. ئاينۇر دەرھاللا بېلىقنى ئەسكە ئاپتۇ ۋە كۆل بويىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ سۇ ئىچىگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلاپتۇ. ھەرقانچە قارىسىمۇ بېلىق كۆرۈنمەپتۇ. ئەجەبا، بۇ باغدا بۇنىڭدىن باشقىمۇ كۆل بارمىدۇ ياكى بېلىق باشقا كۆلگە يۆتكىۋېتىلگەندىمۇ؟!

تۇيۇقسىز ئاينۇرنىڭ يۈزىگە مۇزدەك كۆل سۈيى چاچراپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ھېلىقى بېلىق، ئۇ بېلىقنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولۇپتۇ. بېلىققا شاھزادىنى كۆرگەنلىكىنى زوق-شوخ بىلەن سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە مەيۇس ھالدا:

— بۇ يەردە يەنە قاچانغىچە تۇرارمەنكىن، ئانام بىلەن ئاچام چوقۇم مەندىن ئەنسىرەۋاتقاندۇ، ئانام ئېمىلەرنى قىلىۋاتىدىكىن، قېينىلىپ قالمىغان بولسىلا بولاتتىغۇ، — دەپتۇ ئېغىر ئۇھسىنىپ. بېلىق زۇۋانغا كېلىپ:

— ئالدىرىماڭ، «سەۋردىن ھالۋا پۈتەر»، ئوردىدا قالايمىقان ھەرىكەت قىلىش خەتەرلىك. ھۇجرىغا تېز قايتىڭ، — دەپ ئوردىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نەچچە ئىشنى تەكرار تاپىلاپتۇ.

ئاينۇر كۆل بويىدىن ئايرىلىپ ھۇجرىسى تەرەپكە قاراپ تېز-تېز مېڭىپتۇ. كۆلنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدىكى يوغان بىر تۈپ دەرەخ ئارقىسىدىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا شاھزادە چىقىپ كەپتۇ ۋە قىز ماڭغان تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. ئەسلىدە ئۇمۇ بېلىقنى كۆرگىلى كەلگەن.

ئاينۇر ھۇجرىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە پادىشاھ باشلىق ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئاينۇر ھودۇققىنىدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قاپتۇ، تاپ بېسىپ يېتىپ كەلگەن شاھزادە چاققانلىق بىلەن ئۇنى يۆلىۋاپتۇ. ئاينۇر شاھقا ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ.

— ئوغلۇم، — دەپتۇ شاھ، — ئوردىدا يوچۇنلا بىر قىز يۈرىدىغۇ، بۇ قانداق بولغىنى؟

شاھزادە گەپكە تەمشەلگۈچە، ئاينۇرنى ئوردىغا باشلاپ كىرگەن ئەمەلدار پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا بىر ئېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. پادىشاھ ئارقىغا بۇرۇلۇپلا كېتىپ قاپتۇ، ئاينۇرنىڭ قورقىنىدىن پۇت-قوللىرى تىترەپ كېتىپتۇ.

— بۇنچىۋالا قورقۇپ كېتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپتۇ شاھزادە، — ئۇ مېنىڭ شاھ ئاتام بولىدۇ، سىرتى بولغىنى بىلەن كۆڭلى تولىمۇ يۇمشاق، مېھرىبان كىشى. تۇنجى قېتىم كۆرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن جىددىيلىشىش تەبىئىي ئەھۋال.

ئاينۇر ئۈندىمەپتۇ. ئەتىسى شاھزادە خان ھۇزۇرىغا چاقىرتىلىپتۇ. خانىش شاھزادىنى كۆرۈشى بىلەنلا:

— شاھزادە ئوغلۇم، تېگى-تەكتى نامەلۇم بىر قىزنى ئوردىدا تۇرغۇزغانلىرى نېمىسى، بېرىدىغانىنى بېرىپ يولغا سېلىۋەتسىلە بولمامدۇ، — خانىشنىڭ راسا ئاچچىقى كەپتۇ. ئاينۇرنى باشلاپ كىرگەن ئوردا ئەمەلدارىغىمۇ بىر مۇنچە كايىپ، ئۇنىڭ ئەقىلسىزلىقىدىن رەنجىپتۇ.

— شۇنداق، ئۇ قىزنى ئەتىلا يولغا سېلىۋەت، سېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشىڭنى خالىمايمىز. ئوردىدىكىلەرنىڭ سۆز-چۆچەك قىلىشىدىن، يۈز-ئابرۇيىمىزنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن قورقىمىسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ توي بولۇش ئالدىدا تۇرغان قىز تۇرسا.

— شاھ ئاتا ئۇ قىز بەكلا ياخشى ئىكەن، ئەدەپ-قائىدىلىك ھەم مۇلايىم.

— ياخشى ئىكەن دېدىلىمۇ ئوغلۇم، قانداق ياخشى ئىكەن، بېلىقلىرىنى قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، بېلىقلىرىنى كىملا تېپىۋالغان بولسا قايتۇرۇپ بەرگەن بولاتتى. خانىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماسلىققا كىممۇ جۈرئەت قىلالىسۇن. سىلى ئوردىدىن چىقىپ، جاھان كۆرۈپ باقماي تۇرۇپلا كىمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالىغۇدەك بوپتىلا-دە.

خانىش ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى ئىپادىلەپتۇ.

— قۇرۇق گەپنى ئاز قىل، كەتكۈزۈۋەت دېگەندىكىن دەرھال كەتكۈزۈۋەت، ئەتىلا! بۇ ئىش ئۈستىدە ھېچقانداق دە-تالاش بولمىسۇن.

— شاھ ئاتا...

MIRAS

پادىشاھ چىقىپ كېتىپتۇ. خانىش ئاينۇرنى ئوردىغا باشلاپ كىرگەن ئوردا ئەمەلدارىغا زەردە بىلەن:

— ئەمەلدار بېگىم، سىلىنى ئەقلى-ھوشى جايىدىمىكىن دېسەم، قارىسىلا، قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى، بىزنى خاتىرجەم كۈن كەچۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ دەپ، بىزگە كۆرسەتكەن ئىلتىپاتلىرى ئىكەندە-بۇ. ياخشى، ھەر بىرلىرىنىڭ قانات-قۇيرۇقلىرى يېتىلىپ، بىزگە ئىش تېپىپ بەرگۈدەك بولۇشۇپلا، — خانىش ھەم ئوردىدىن ئايرىلىپتۇ.

ئەمەلدار ئۈندىمەپتۇ. شاھزادە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيلا قاپتۇ، ئۇنىڭ ئاينۇرنى ھەقىقەتەنمۇ قايتۇرۇۋەتكۈسى يوق ئىكەن. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ شاھزادە ھەر قانچە ئويلاپمۇ قىزنى ئېلىپ قېلىشنىڭ ياخشىراق ئامالىنى تاپالماپتۇ.

ئەتىسى شاھنىڭ ياساۋۇللىرىدىن بىر قانچىسى ئاينۇرنى ئۆيىگە قايتۇرۇۋېتىش بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغىلى كېلىشىپتۇ. شاھزادە ئۇلارنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇغان بولسىمۇ، بىراق ياساۋۇللار بىزنى خاننىڭ ئۆزى ئەۋەتكەن، بۇيرۇقنى ئورۇندىماي بېشىمىز ئون ئەمەس، دەپ زادىلا گەپ يېمەپتۇ. شاھزادە ئاخىر ئاينۇرنى يېتىلىگەن پېتى خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. شاھ دەرغەزەپكە كېلىپ:

— ياساۋۇل! مەن قىزنى ئالدىمغا ئېلىپ كەل دېگەنمۇ ياكى ئۆيىگە قايتۇرۇۋەت دېگەنمۇ، كېلىڭلار ياساۋۇلنى ئېلىپ چىقىپ كاللىسىنى ئېلىڭلار!

— شاھ ئاتا، توختاپ تۇرسىلا، بۇ قىزنى مەن باشلاپ كەلگەن، ياساۋۇللار ھېچقانداق ئىشنى خاتا قىلمىدى، — شاھزادە ئۇلارنىڭ گۇناھىنى تىلەپتۇ. شاھ قولىنى شىلتىپ:

— ياكى ياساۋۇلنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ ياكى قىز قايتۇرۇۋېتىلىدۇ.

كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن ئوردىنى قالايمىقان قىلىش كەم ئەقىللىق جۈملىسىدىندۇر.

— شاھ ئاتا ئۇ قىزنى ھەقىقەتەن ئېلىپ قالغۇم بار ئىدى.

— ياساۋۇل! — شاھ قاتتىق ۋارقىراپتۇ. شۇئان ئىككى ياساۋۇل ھازىر بولۇپتۇ.

— دەرھال قىزنى ئوردىدىن چىقىرىۋەت، قارشىلىق قىلغۇچىلار قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنسۇن!

— جانابىي خان ئالىيلىرى، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، — ئوردا ئەمەلدارى سالماقلىق بىلەن خانغا ئېگىلىپ سالام قىلىپتۇ، — بۇ قىزنى ئوردىغا مەن باشلاپ كىرگەن. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈپ كۆردۈم. قىزنىڭ رازىلىقىسىز يېقىندىلا ئۇنىڭ تويى بولماقچى ئىكەن. كۈيئوغۇل بولسا قىزنىڭ دادىسى يېشىدىكى، قول-ئىلكىدە بار كىشى ئىكەن. مەن ئۇ كىشىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆردۈم. ئۇنىڭ نىكاھىدا ئىككى خوتۇن تۇرۇپ يەنە قىزى دېمەتلىك بۇ قىزنى ئەمرىگە ئالماقچى. يېزىدا ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولىدىكەن. بەلكىم، ھەر بىرلىرى، بۇ دېگەن ئادەتتىكى ئىش ئىكەنغۇ، شۇنىمۇ داۋراڭ سالغان بارمۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشلىرى مۇمكىن. بىراق بۇ يالغۇز بۇ قىزنىڭ بېشىغىلا كەلگەن ئىش بولماستىن، نۇرغۇنلىغان قىزلىرىمىزنىڭ بېشىغا چۈشكەن، ئاتا-ئانىلىرىنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان مەسىلىدۇر. خەلقنى تىنچ-خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن بۇنداق مەسىلىلەرگە سەل قاراش ياخشى بولماس. مەن شۇ مەقسەتتە بۇ قىزنى ھەر بىرلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدىم. ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنىڭ دانا سىياسەتلىرى بىلەن خەلقىمىز مانا مۇشۇنداق تىنچ ياشاپ كەلمەكتە. يېڭىدىن چىققان بۇنداق كىچىك ئىشلارنى دەل ۋاقتىدا لايىقىدا تەدبىر قوللىنىپ بىر تەرەپ قىلىشىمىزنى زۆرۈر دەپ قارايمەن.

ئوردا ئىچىنى ئەمەلدارلارنىڭ كۇسۇرلاشلىرى بىر ئاپتۇ. بەزىلەر ئەمەلدارنى «تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈۋاتىدۇ» دېسە، بەزىلەر: بەرھەق، چوڭ ئىش-كىچىك ئىشلاردىن باشلىنىدۇ، ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك، دېيىشىپتۇ.

خان بىر ھازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوردىدىكىلەرگە تەكشى نەزەر سېلىشقا باشلاپتۇ. خانىشنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپتۇ. ئوردىدىكىلەرنى پاراكەندە قىلغان ئەمەلدارغا غەزىپى كەپتۇ. تىنچلىقنى بۇزدى دەپ غۇدۇراپتۇ.

— تىنچ! — پادىشاھنىڭ ياڭراق ئاۋازى ھەممىنى بېسىپ چۈشۈپ، ئوردا ئىچى سىرلىق تۈس ئاپتۇ، بىرەر كىممۇ چوڭراق نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالماپتۇ، خانىشمۇ ئۈن چىقارماپتۇ.

— ئاۋۋال قىز قايتۇرۇلسۇن! تەكلىپىڭىزنى ياخشى ئويلىنىپ، ئوردىدىكىلەرنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىش كېرەك.

ئاينۇرنىڭ كۆزلىرى نەملىنىپتۇ. ئىككى ياساۋۇل ئۇنى سىرتقا قاراپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا شاھزادىنىڭ كۆزى ئاينۇرنىڭ بوينىغا ئېسىقلىق مەرۋايىتقا چۈشۈپتۇ. ئەسلىدە ياساۋۇللار قىزنى تارتۇشتۇرۇپ ماڭغاندا مەرۋايىت سىرتىغا چىقىپ قالغانىكەن.

— توختاڭلار! — بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ياساۋۇللار مەڭدەپ تۇرۇپ قاپتۇ. شاھزادە يۈگۈرۈپ بېرىپ شاھنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. شاھ

دەرھال ياساۋۇللارغا قىزنى ئالدىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. قورقۇپ ئارانلا تۇرغان ئايتۇرنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالماپتۇ. پۇت- قوللىرى تىترەپ ئاران دېگۈدەك مېڭىپ خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپتۇ.

— قىزچاق، بويۇنۇڭدىكىنى بۇياققا ئېلىپ كەل، مەن كۆرۈپ باقاي، — ئايتۇر مەرۋايىتنى قوش قوللاپ شاھقا سۇنۇپتۇ.

— دەرۋەقە شۇ، بۇنى نەدىن ئالدىڭ؟ بىرەرى بەردىمۇ ياكى تېپىۋالدىڭمۇ؟

— ھۆرمەتلىك شاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ ئايتۇر تىترەپ تۇرۇپ، — بۇ مەرۋايىتنى ئانام ماڭا بەرگەن، ئانامغا...

ئۇ مەرۋايىتنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئانىسىدىن ئاڭلىغىنى بويىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ.

شاھ ئېغىر خىيالغا غەرق بولۇپتۇ، ھەممىنىڭ كۆزى شاھقا تىكىلىپتۇ.

— شاھ ئاتا، ئەجەبا، بۇ مەرۋايىت بىلەن مەندىكى مەرۋايىتنىڭ بىرەر باغلىنىشى بارمۇ؟

— بار ئوغلۇم، ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋىتى بار. بۇ بىر جۈپ مەرۋايىتنى ماڭا شاھ ئاتام قالدۇرغان، شاھ ئاتامغا شاھ ئاتىسى قالدۇرغانىكەن.

شاھ ئاتام ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۇزاق ئۆتمەي مەن شىكارغا چىقتىم. ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ نۆكەرلىرىمدىن ئۇزاپ كېتىپتىمەن. ئاتنى بۆرە مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ كېتىپ باراتتىم. تۇيۇقسىز ئات تېپىرلاپ توختىمىدى. كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سېزىپ تۇراتتى. دەرۋەقە ئالدىمدىكى ئورمانلىقتىن بىر ئېيىق چىقىپ كەلدى. ئېتىم ھۈركۈپ مېنى تاشلىۋەتتى، ئەتراپىمدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئېيىققا يەم بولىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىدىم. ئېيىق بارا- بارا يېقىنلاپ كەلدى. مەن يا قېچىشنى، يا قارشىلىق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغىنىمدا ئېيىق سەت چىرقىراپ ئارقىغا بۇرۇلدى. قارىسام ئوتتۇرا ياشلىق، بەستلىك بىر كىشى قولىدا قىلىچ تۇتقان ھالدا تۇراتتى. ئۇ ئېيىققا قىلىچ ئۇرغانىكەن. ئېيىق ئۇ يىگىتكە قاراپ ئېتىلدى. يىگىت توختىماي قىلىچ ئۇرۇۋۋەردى. بىر ھازادىن كېيىن ئېيىق گۈپپىلا قىلىپ يىقىلدى ۋە قايتا ئورنىدىن تۇرمىدى. يۈگۈرۈپ بېرىپ يىگىتكە قارىسام، پۈتۈن ئەزايى قان، ئېيىق ئۇنىڭ قارنىنى چۇۋۇۋەتكەنىكەن. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ يېقىن ئەتراپتا ئانىسى بىلەن تۇرىدىغانلىقىنى، مۇمكىن بولسا ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشۇمنى قايتا- قايتا تاپىلاپ ئالەمدىن ئۆتتى.

نۆكەرلەر يېتىپ كېلىشتى ۋە بولغان ئىشلاردىن چۆچۈپ كېتىشتى. بىز يىگىت ئېيتىپ بەرگەن يول بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. ئۆيدە ئۇنىڭ 50 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى ئانىسى بار ئىكەن، ئامالسىز مومايغا بولغان ئىشلارنى بايان قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم، موماي كىشىنىڭ باغرىنى ئەزگۈدەك يىغلاپ كەتتى. ئۇ يىغلاشقا ھەقلىق ئىدى. موماي تەگرىم شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان ئوخشايدۇ، بالام تېخى ياش ئىدى، مېنىڭ ئالدىمدا كېتىپ قاپتۇ دەپ نالە قىلدى.

مەن ھەرقانداق قىلىپمۇ موماينى ئوردىغا ئېلىپ كېتىشكە كۆندۈرەلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن شاھ ئاتامدىن قالغان مەرۋايىتنىڭ بىرىنى مومايغا بېرىپ، بېشىغا كۈن چۈشسە بۇنى ئېلىپ ئوردىغا بېرىشنى تاپىلاپ، ئاز- تولا بىر نەرسە قالدۇرۇپ ئوردىغا قايتتىم. كېيىنكى كۈنلەردە ئادەم ئەۋەتىپ موماينى يوقلاپ تۇردۇم، بۇ قىزدىكى مەرۋايىت دەل مەن مومايغا بەرگەن مەرۋايىت شۇ، — دەپتۇ پادىشاھ ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ.

ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى نەملەنگەنىدى. پادىشاھ تەختتىن چۈشۈپ ئايتۇرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ:

— قىزىم، بۇمۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، سىلەر مېنىڭ شاپائەتچىمنىڭ شاپائەتچىسى، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئىككى مەرۋايىت ئاخىر بىر يەرگە كەلدى، بۇ مەرۋايىت سىزدە قالسۇن، — دەپ ئايتۇرنىڭ بوينىغا قايتىدىن ئېسىپ قويۇپتۇ.

ئايتۇرنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ يولىغا قاراپ كۆزلىرى تېشىلىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. ئانىسى ئايتۇردىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ ساق- سالامەت كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ دۇئالار قىلىپتۇ، ئايگۈزەل بولسا ئايتۇرنى ئۆزى ياخشى كۈنگە ئېرىشىۋېلىپلا بىزنى ئۇنۇتتى، بىكۆيۈم دەپ تىللاپ، قارغاشقا باشلاپتۇ.

ئايتۇرنىڭ ئۆيىدىكىلىرى ئوردىغا چاقىرتىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ شاھزادە بىلەن ئايتۇر ئۈچ كۈن كاتتا توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. يۇرت- خەلق ئۇلارغا بەخت تىلىشىپتۇ. ئوردا ئەمەلدارىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ قانۇن- تۈزۈملەرگە قايتىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپتۇ، خەلق تېخىمۇ پاراۋان، خاتىرجەم ياشاشقا باشلاپتۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى 2013- يىللىق ئۇيغۇر ھازىرقى، بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى ماگىستىر ئاسپىرانتى)

# خاتا دىنىي چۈشەنچىلەرگە رەددىيە

ھاجى رېھىمجان روزى (ھەسرىتى)
(قازاقىستان)

**تەھرىر ئىلاۋىسى: نۆۋەتتە زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدولوگىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش، دىنىي ئەسەبىيلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ خىل كۈچلەرگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىش ئۈچۈن ژۇرنىلىمىزدا بىر قانچە ساندىن بېرى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرنى ئۇيۇشتۇردۇق ۋە ئېلان قىلدۇق. بۇ ساندىكى «خاتا دىنىي چۈشەنچىلەرگە رەددىيە» ناملىق ماقالىنى قازاقىستانلىق شائىر ھاجى رېھىمجان روزى يازغان بولۇپ ئۇنى پېشقەدەم ئەدىب ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندى نەشرگە تەييارلىغان. نۆۋەتتە بۇ ماقالىنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە پايدىلىنىش قىممىتى بار دەپ قاراپ، مەزكۇر ماقالە ۋە نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ سۆزىنى ئۈچ سانغا بۆلۈپ بەرمەكچىمىز. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاپتورغا ۋە نەشرگە تەييارلىغۇچىغا رەھمەت ئېيتىمىز.**

**تەييارلىغۇچىدىن:** مەزكۇر ئەسەر گەرچە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىن ئېلىنىپ، ئۇلارنىڭ خاتا دىنىي ئەقىدىلىرىگە چۈشەنچە بېرىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، نۆۋەتتە بىزگىمۇ ئورتاق ئەلۋەتتە. چۈنكى ئەسەردە كۆرسىتىلگەن بىر قىسىم خاتا دىنىي چۈشەنچىلەر ھازىر بىزدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، دۇنيانىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا، بىر بۆلۈك كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرمەكتە. خاتا دىنىي چۈشەنچىلەرنىڭ كاساپىتىدىن ساغلام، توغرا بولغان ئىسلام ئەقىدىسىگە لەش-لاتقىلار چاپلىنىپ، نۇرلۇق چېھرى خىرەلەشمەكتە، مۇسۇلمانلار ھاياتلىقىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم»گە ئۇيغۇن ئەمەس پەتۋالار يامراپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرماقتا، تېگىرقىتىماقتا، ئازدۇرماقتا. ئېتىقادقا سايە تاشلىماقتا. مەزھەپ-گۇرۇھ پەيدا قىلىپ، ئىناقلىققا، ئۆملۈككە، قېرىنداشلىق مېھىر-شەپقەتكە دەز كەلتۈرمەكتە، نادانلىقنى، مۇتەئەسسىپ، جاھىلىيەتنى ئەۋج ئالدۇرماقتا...

ئاپتور بۇ خىل خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا، مۇسۇلمانلارغا كەلتۈرىدىغان زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، توسۇش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» سۈرە ئايەتلىرىنى ئاساسىي تىيەك قىلىپ، ھەدىسلەرنى يانداپ، ئەمەلىي ۋە تارىخىي مىساللارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرنى سەگىتىپ، ئويلىنىشقا يېتەكلىگەن.

بۇ ئەسەرنىڭ ئاشۇ خىل خاتا دىنىي قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ ئىسلامىيەتنىڭ ماھىيىتىنى توغرا چۈشىنىپ توغرا ئېتىقادتا بولۇشىغا ياردىمى تېگىدىغانلىقىنى ئويلاپ مەزكۇر ماقالىنى نەشرگە تەييارلىدىم.

ئېھتىمال، ئاپتورنىڭ بەزى ئىنزاھات-دەلىللىرى توغرا بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن توغرىسىنى بىلىدىغان يېتۈك ئۆلىمالىرىمىزنىڭ تۈزىتىپ ئەلگە توغرا يەتكۈزىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئېنىقكى، ئاللا ئىنساننى پىكىر قىلىشقا، تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. شۇڭلاشقا ئاشۇ خىل خاتا دىنىي چۈشەنچىلەرنى ھەر ئادەم تەپەككۇر قىلىپ بېقىشى، ئاللانىڭ كالامىغا، ھەدىس شەرىفكە ئۇيغۇنمۇ ئەمەسمۇ دەپ ئۇنى قوبۇل قىلىش-قىلماسلىق ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر جامائىتى يالغان پەتۋالار جاڭگىلىدا ئادىشىپ دىنىي چۈشەنچىسى ئەسكىلىك بازىردەك قالايمىقانلاشماقتا.

بەزى چالا موللىلار، دىنىي ساۋاتى يوق ھاجىلار، بۇۋى ئايىملار قۇرئاننى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، يا بولمىسا ئۇنى ئوقۇماي، ئوقۇسىمۇ چۈشەنمەي ئەتەي

ئىسلامنى بۇزۇپ، ھەر مەرىكىدە بىر پەتىۋا چىقىرىپ، نا-
دانلارنى گاللۇاك قىلماقتا. خەلق يالغان پەتىۋالارنىڭ تېگە-
گە يەتمەي، «قۇرئان كەرىم»دە بار-يوقىغا قارىماي،
«قۇرئان»دىكى ئايەتلەرگە ياندىشامدۇ، ياندىشامدۇ،
ئۇنى ئايرىپ ئالالماي ھەممىسگە ئىشىنىپ مەرىكىدىن-
مەرىكىگە توشۇپ يۈرمەكتە، ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگە بىنا-
راملىق سېلىپ، قالاقلىقنىڭ قاراڭغۇ غارىغا سۆرۈمەكتە. ئا-
دەمنى قاتتىق ئېچىندۇرىدىغىنى كۆپچىلىك جامائەت
بۇنداق پەتىۋاچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىي مەنبەسىنى
چۈشەنمەيدۇ، بىلمەيدۇ.

قۇدرىتى كامىلنىڭ كالامىدا شۇنداق دېيىلگەنكى:
«ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم
بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسە-
لەرنى بىلدۈردى.»

يەنى ئىنساننى تەپەككۇرگە يېتەكلىدى: «بۇنىڭدىن
ئېنىقكى، تەپەككۇر ئىنسان ۋۇجۇدى بىلەن ‹قۇرئان كە-
رىم›نى باغلاۋاتقان ھالقا. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئىمان-ئېتى-
قادىنى مۇستەھكەملەيمەن دەيدىكەن، ئۇنداقتا ئۇلار ئۆز
تەپەككۇرىنى بېيىتىشى، مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.» ①

ئاللانىڭ بۇ كالامى ئەسىرى سائادەتتە (مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلار زامانىدا) ئەمەلگە ئېشىپ، ئە-
رەبلەر ئىنتايىن چاپسان سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلغان-
دى. بۇ تەرەققىيات باھارىنىڭ تاشقىن سۈيىدەك ئەرەب
يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا يامرىغا-
نىدى. «ئوقى رەببىڭنىڭ نامى بىلەن ئوقى» دېگەن بۇ
بىرىنچى ۋەھى ئەرشتىن زېمىنغا چۈشۈش بىلەن ياراتقۇچى
بىلەن يارالغۇچىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت باغلاندى.
كەئبىدىكى «ئەھدومساق» (ئەلمىساق) قارا تېشى بۇنىڭ
گۇۋاھچىسى بولۇپ تۇرماقتا.

ئاللا بىرىنچى ئادەمگە:

— مەن كىم؟ — دېگەن.

— سەن مېنىڭ رەببىم (ئىگەم)، — دېگەن ئادەم.

— سەن كىم؟ — دېگەن ئاللا.

— مەن سېنىڭ بەندەڭ، — دېگەن ئادەم ئاللاغا.

بۇ ئەلەستۇ رەببىكۇل خىتابىنىڭ جاۋابى. يەنى، ئاللا-
نىڭ خىتابىغا جاۋاب دېيىلىدۇ. مانا بىرىنچى قېتىم ئاللانىڭ
سورىقىمۇ شۇ يەردىن باشلانغان. بايىقى قارا تاش ھەجرە
تۇل ئەسۋەد ئاشۇ سوئال-جاۋاب ئۈستىدە ھازىر بولۇپ
تۇرغان. ئۇ بۇگۈنكى كۈنگىچە ئاللا بىلەن ئادەمنىڭ باغ-
لىنىشىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ تۇرماقتا. مانا مۇشۇ يەردىن
ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى بىلىشى، ئۆزىنى تونۇشى باشلانغان.
شۇڭلاشقا پەيغەمبىرىمىز، «رەببىنى تونۇغان ئۆزىنى تو-
نۇيدۇ» دېگەنىدى.

ئەپسۇسكى، پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن مىلادى 657-
يىلى ئۈچىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان يوشۇرۇن ئۆلتۈ-
رۈلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۈيئوغلى ئەلى خەلىپىلىككە
سايلاندى. بۇ چاغدا ئەبۇ سوپيانىنىڭ بالىسى مۇئاۋىيە سو-
دىيەنىڭ باش ۋالىيسى ئىدى. ئۇ ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆ-
لۈمىنى ھەزرىتى ئەلىدىن كۆرۈپ، ھازىرقى ئىفرات دەريا-
سى ياقىسىدىكى سۇففە تۈزلەڭلىكىدە ھەزرىتى ئەلىگە
قارشى چوڭ جەڭ باشلىدى. بۇ ئۇرۇش ئىسلامنى چوڭ
ئىككى قارىمۇقارشى گۇرۇھقا-مەزھەپكە بۆلۈپ تاشلىدى.
ئۇلارنىڭ بىرى شىئە، يەنى ئەگەشكۈچىلەر، بۇ مەزھەپكە
ئېتىقاد قىلغۇچىلار ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى-
دىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قانۇنىي ۋارىسلىرى
دەپ قارايدۇ. شىئە مەزھىپى 12 ئىمامدىن تەركىب تاپقان
بولۇپ «ھەسنا ئەشەرىيە» يەنى 12 ئىمامچىلار دەپ ئا-
تىلىدۇ. 12 شامنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەۋلادلى-
رىدىن ئىبارەت. شىئەنىڭ بىرىنچى ئىمامى ھەزرىتى ئەلى
ھېسابلىنىدۇ. سۈننىي مەزھىپى بولسا ئىسلامنىڭ ئىككىنچى
بىر مەزھىپىدۇر. بۇ مەزھەپتىكىلەر مۇھەممەد پەيغەمبەر-
نىڭ سۈننىتىنى ئەۋزەل تۇتىدۇ ۋە تۆت ئىمامدىن تەركىب
تاپقان بولۇپ 699-يىلى ئىراقنىڭ كۇفە شەھىرىدە تۇغۇل-
غان ئەبۇ ھەنىفە ئەللۇقمان بىننى سابىت ئىمامى ئەزەم بۇ
مەزھەپنىڭ بىرىنچى ئىمامى ھېسابلىنىدۇ. ئىمامى ئەزەم
767-يىلى باغداد تۈرمىسىدە ۋاپات بولغان. شۇنىڭ بىلەن
مەزھەپچىلىك دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، قانلىق يىللار بىرد-
نىڭ كەينىدىن بىرى ئۈزۈلمەي، ئىسلام دۇنياسىنى قانغا
پاتۇرۇپلا قالماي، نەتىجىدە ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ چۈش-
كۈنلىشىشىنى، ئىسلام روھىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى، ئەسلىي
ماھىيىتىدىن كۈندىن-كۈنگە چەتنەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ
چىقاردى.

1502-يىلى سەففاۋى خاندانلىقى ئىسلام دىنىنىڭ
شىئە مەزھىپىنى ئىراننىڭ دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىدى. نە-
تىجىدە سۈننىي مەزھىپى چەتكە قېقىلدى. شۇنىڭ بىلەن
مەزھەپلەر ئارىسىدىكى رىقابەت يەنە بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

شۇنداق بىر قالايمىقانچىلىق بولۇۋاتقاندا 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسى مەيدانغا كەلدى. تەسەۋۋۇپنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسى «قۇرئان كەرىم»دىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانىنىڭ ئۆزى دۇنيانى بىلىش يولىدىكى تەپەككۇر شەكلى ئىدى. تەسەۋۋۇپ باشتا ئىسلام پەلسەپىسى رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇنىڭ ئاساسىي تەلەماتلىرىنى خوجا، ئىشان شەيخلەر بۇرمىلاپ كەتتى. «ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا دەسلەپ مەيدانغا كەلگەندە، لايدىن ياسالغان بۇتلارنى چېقىپ، كىشىلەرنى مۇشرىكلىقتىن قايتۇرغان بولسا، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە لايدىن ئەمەس بەلكى قەلبلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى تۈرلۈك ئىدىيەلەردىن تۈزۈلگەن جاھىل مۇشرىكلىققا دۇچ كەلدى. بۇ مۇشرىكلىقنى بۇت چاققاندەك ئاسانلا چېقىپ تۈگەتكىلى بولمايتتى...

شۇ يوسۇندا راۋاجلىنىپ 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيادىكى يېتەكچىلىك ئورنىنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىقى ئاشكارىلاندى.»②

«پىر پىرغا ئېيتىدۇ، پىر خۇداغا يېتىدۇ» دەيدىغان پىرنى ئاللاغا ۋاستىچى قىلغۇچى، يەنى ئاللاغا توغرىدىن توغرا ئېتىقاد قىلىش ئەمەس، بەندىگە چوقۇنۇش ئارقىلىق ئاللاغا يېتىش پەتۋالىرى ئۆز ھۆكۈمىنى سۈرۈشكە باشلىدى. لېكىن ھېچكىممۇ بۇ تەرغىباتلارنى مۇشرىكلىق «ئاللاغا شېرىك بولۇش» ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىدى. بۇ ئىشنىڭ ئىسلامغا، ئاللاغا بولغان مۇناپىقلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن ئادەملەر ئۇنى ئىسلام يولى دەپ چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا يامرىغان تەسەۋۋۇپنىڭ بۇزۇلغان شەكلى «سوپىزم» سوپ ـ ئەرەبچە «تېرە» دېگەن سۆز بولۇپ تەسەۋۋۇپچىلار دەسلەپ تېرىنى تەتۈر كىيەتتى. مەزھەپچىلىككە قوشۇلۇپ خەلقنى نادانلىق بىلەن جاھالەت پاتقىقىغا تىقىپ قويدى.

1679 ـ يىلى ئىسلامىيەتنىڭ ئەشەددىي ئاسىيسى ئاپاق خوجا ۋاستىچىلىقىدىكى جۇڭغار ھەربىي فېئودال خانى غالدان قۇنتايجى پۈتكۈل قەشقەرىيەنى قانغا پاتۇرغاندىن كېيىن، ئاپاق خوجىلار پۈتكۈل خانلىق تەۋەسىدە مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات، سەنئەت، مۇزىكا، ناخشا ـ ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت، تىياتىردەك بارلىق ئەلىمنى، مەدەنىي پائالىيەتلەرنى مەنئى قىلدى. ئالىم، ئەدىب، سەنئەتكارلار قىرغىن قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن خوجا ئىشانلار جاھالەتچىلىكى ھۆكۈم سۈردى. ③

بۇ جاھالەت زامانىدا ياشىغان ئۇلۇغ مۇقام ئۇستازى، شائىر قىدىرخان ياركەندى:

تويدۇم مەن زامانىڭدىن،
ياخشى ۋە يامانىڭدىن.
ئاق سەللە، سېرىق سەللە.
كەچتىم مەن تاماھىڭدىن.

دەپ زارلىسا، 1920 ـ يىللىرى داڭلىق مائارىپچى، شائىر مەمتىلى تەۋپىق مۇتەئەسسىپ مولللار توغرىسىدا «ئۆگەتمەس ھەق كالامنى بىلگەن ئالىملار» دەپ نالە قىلغان. بىز 20 ـ ئەسىرنىڭ ئادەملىرى نېمە دەپ زارلاۋاتقانلىقىمىز مەزكۇر قۇرلاردىن ئاياندۇر.

1912 ـ يىلىدىن باشلاپ يېڭى مەكتەپ ئاچقۇچىلارنى يالڭ زىڭشىن مۇتەئەسسىپ مولللارنىڭ ياردىمى بىلەن جازالاپ ئۇلارنى «دەھرى» دەپ دىنسىزلىققا قارلاپ، مەكتەپلەرنى ياپقۇزۇۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئىلىم ـ پەن خېلى تەرەققىي قىلغان مەدرىسلەردىمۇ قۇرئاننى قۇرۇق يادىغا ئالدۇرۇشتىن باشقىسى بولمىدى. ئىلىم ـ پەندىن مەھرۇم بولغان بىچارە خەلقنىڭ قارىلارنىڭ مۇڭلۇق ئايەتلىرىگە يىغلاشتىن باشقا چارىسى قالمىدى. پەقەت بۇ دۇنيادىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئۇنتۇپ ئاللانىڭ: «سىلەرنى ئەر ـ ئايال قىلىپ ياراتتۇق. ئۇيقۇنى سىلەرنىڭ بەدىنىڭلار ئۈچۈن راھەت قىلدۇق، كېچىنى لىباس قىلدۇق. كۈندۈزنى سىلەر تىرىكچىلىك قىلىدىغان (ۋاقىت) قىلدۇق. ئۈستۈڭلاردا مۇستەھكەم يەتتە ئاسماننى بىنا قىلدۇق. سىلەر ئۈچۈن يېنىپ تۇرغان چىراغنى (كۈننى) ياراتتۇق. ئاشلىقلارنى، ئوت ـ چۆپلەرنى، دەرەخلەرنى، قويۇق باغچىلارنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بۇلۇتلاردىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردۇق» (نەبە سۈرىسى 8 ـ ئايەتتىن 14 ـ ئايەتكىچە) دېگەن نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولماي كاززاپ، ھىيلىگەر موللىلارنىڭ «بۇ دۇنياغا ئىشەنمەڭلار» دەپ ئاللانىڭ ياراتقانلىقىنى يالغانغا چىقىرىپ، ئىسلامنى بۇزۇپ كۆرسىتىشلىرىنى «توغرا» دەپ چۈشەندى شۇ سەۋەبتىن بۇنداق كىشىلەر تا ھازىرغىچە جاھالەتتە ھايات كەچۈرمەكتە.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دىيارىمىزغا تۈرلۈك نېمەتلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، «ئېكسپېدىتسىيە»، «سايا ـ

ھەت» ناملىرى بىلەن كەلگەن چەت ئەل سەيياھلىرىنىڭ ئۆز ئېلىگە قايتىپ بېرىپ، ئېلان قىلدۇرغان دوكلاد خاراكتېرىدىكى كىتابلىرىدا دىيارىمىزدىكى قىسمەن جايلاردا خوجىلارنى يۈكسەك ئورۇنغا قويۇپ ھۆرمەتلەيدىغانلىقى، قىسمەن ئاۋامنىڭ خوجىلارنى بارلىق ئىنسانلاردىن پاك ئىنسان دەپ قارايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى توغرا دەپ چۈشىنىدىغانلىقىنى قىستۇرۇپ ئۆتكەن.

كورۇپاتكىن «ئەنە ئاشۇ ئوت قۇيرۇق ئەۋلىيالار پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنى مەزھەپ گۇرۇھلارغا ئايرىپ، ئۇزاق يىللارغىچە جەڭگە-جېدەل ئويۇنلىرىغا سېلىپ، ئەخمەق قىلدى... ئاشۇ بۇزغۇنچىلىقلار ئېلىپ كەلگەن بارلىق بەختسىزلىكلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەننىڭ سىرتىدا يەنە بىر مۇنچە مۇسۇلمان «ئەۋلىيالارنىڭ» ۋە كارامەتچى تېجىمەللەرنىڭمۇ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ كەلدى. بۇ ئادەملەرنىڭ تەلۋىلەرچە ئەسەبىيلىكى، ساختىپەزلىكى بۇ ئەلدە تاكى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىۋاتقان يېڭى بەختسىزلىكلەرنىڭ تۈپ ئاساسىدۇر» دەپ يازىدۇ ئۆزىنىڭ «قەشقەرىيە» ناملىق ئەسىرىدە.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللا، ئۆمەر بايلار تىل بىرىكتۈرۈپ ئۇلۇغ مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللانى ئەممەت مەزىنگە ئۆلتۈرگۈزدى. تۇرپاندا روزى موللا يالقۇنلۇق شائىرىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى جاللات شىڭ شىسەيگە تۇتۇپ بەردى. قەشقەر قازىسى بولغان ئابدۇغوپۇر شاپتۇل موللا 30-يىللىرى دەريا-دەريا قانلارنى تۆككەن جاللات شىڭ شىسەينى كۆككە كۆتۈرۈپ «ناۋادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن يەنە پەيغەمبەر كېلىدۇ، دېيىلگەن بولسا شىڭ دوبەن جانابلىرى چوقۇم بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز بولۇپ كېتەتتى» دېگەنىدى.

ئابدۇقادىر داموللا «ئاقائىد زۆرۈرىيە» ناملىق ئەسىرىدە:

— ئىنساننىڭ خارۇ زەبۇن بولماقلىقى بەئىس (سەۋەب) نېمەدۇر؟ —، دەپ سوئال قويۇپ، جاۋاب بېرىدۇ:

— ئىككى نەرسىدۇر، بىرى جاھالەت ۋە نادانلىق؛ ئىككىنچىسى تەپرىقە ۋە ئىختىلاپتۇر.

— ئىززەت-ئابرۇي ۋە قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟

— ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ، — دېگەنىدى.

ئۇ زات يەنە «نەسىھەتى ئاما» دېگەن ئەسىرىدە «بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز، ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق-يوقلىش ۋە ئۆلۈمدىن دېرەك بېرىدۇ» دېگەن...

قىسمەن ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي تەسەۋۋۇرىدا مۇتەئەسسىپلىك، يالغان پەتىۋاچىلىق قالدۇقلىرى ئۆز ئەكسىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. كۆپ چاغلاردا «ئىسلام دىنى ئەقىلدىن» دېگەن چۈشەنچىنى قىسمەن دىنىي ۋەكىللىرىنىڭ پائالىيىتىدىن كۆرەلمەيۋاتىمىز. بەزى يەرلەردە، دىنىي پائالىيەتلەردە ئىسلام بىلەن چۈمبەردىلەنگەن يالغان پەتىۋالار، يالغان ئادەتلەر ئىسلام بولۇپ ئەمەللەشمەكتە.

مەسىلەن، بىر نەزىردە بىر كىشى، نەزىرنىڭ ئېشىنى قوشۇق بىلەن يېسە يامان بولىدىكەن، دېگەن پەتىۋا چىقىرىپتۇ.

بۇ يەردە مۇنازىرە باشلىنىپ ئاخىر ئاخۇنۇمغا بېرىپتۇ. ئاخۇنۇم:

— ھەي ئەخمەقلەر بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا قوشۇق بولمىسا قولۇڭ بىلەن يېمەي پۇتۇڭ بىلەن يەيتتىڭمۇ؟ — دەپتۇدەك.

ئەگەر نەزىرنىڭ ئېشى سۇيۇق بولۇپ قالسا قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۇنىڭ ئۈستىگە نەزىر-چىراغ ئىسلام دىنىنىڭ ئىشى ئەمەس. شامان دىنىدىن قالغان ئادەت بولۇپ، ھازىرمۇ خەلق ئارىسىدا مەۋجۇت.

بىر كۈنى ئالمۇتانىڭ ئايدۇرۇم مەھەللىسىدە نەزىر بولۇپ قالدى. تاماقتىن كېيىن قول چايقاشقا توغرا كەلدى. شۇ يەردىلا بىر پەتىۋاچى چىقىپ:

— ئەكەل داس-چۆگۈنىڭنى، تالادا قول چايقىسا نەزىرنىڭ ساۋابى ئۇچۇپ كېتىدۇ، — دەپ ئۆيدە قول چايقاتقۇزدى. شۇ يەردىلا ئاللانىڭ قۇدرىتى ئىنكار قىلىندى. بۇ يۇندى بىلەن نەزىرنىڭ ساۋابىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

ئالمۇتانىڭ بىر كىچىك رايونىدا نىكاھ مۇراسىمى بولۇپ نىكاھتىن كېيىن يېڭى پەتىۋالار ئۈستىدە گەپ باشلىنىپ قالدى. شۇ يەردە بىر كىشى موللىدىن:

— جانابلىرى، قەبرىلەرگە تۆمۈر قاشا قويسا، قەبرە

تېشى قويسا يامان بولىدۇ دەيدۇ. مۇشۇ گەپ قانداق توغرىمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— توغرا يامان بولىدۇ، — دېدى ھېلىقى موللا.

— قانداق يامان بولىدۇ؟ — دەپ يەنە سوئال قويدى ھېلىقى كىشى.

— ئاخىر زاماندا پۈتۈن ئىنسانىيەت قايتىدىن تىرىلىدۇ. ھەر كىم ئۆز قەبرىلىرىدىن ئۇنۇپ چىقىدۇ. شۇ چاغدا تاش كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇشقا، قاشا ئاتلاپ ئۆتۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، — دېدى.

قالغان جامائەت جىم ئولتۇرىدۇ، ھېلىقى سوئال قويغان ئادەم گەپ قىلماي كۆلۈپ قويدى. ئارىغا چۈشۈپ بۇ خاتا پىكىرنى تۈزىتىشكە توغرا كەلدى. چۈنكى بۇ ئەخمىقانە پەتۋا ئىككەنلىكىنى چۈشەندۈرمىسە راست شۇنداق ئىكەن، دەپ نادانلار ھەر يەردە تارقىتىشى مۇمكىن.

— جانابلىرى، سىلى بۇ سۆزلىرى بىلەن ئاللانىڭ قۇدرىتىنى ئىنكار قىلىپ قويدىلا، يوققىلا چىقىرىۋەتتىلە، — دېدىم.

ئولتۇرغان جامائەت شارتتىلا ماڭا قارىدى.

— تېنى توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن قۇرۇق سۆڭەككە تەن بېرىپ جان ئاتا قىلغان، ئەسلىدە بىر ئوچۇم توپىدىن ئادەم ياراتقان قۇدرىتى كامىل ئاللا تاشنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇزۇشقا، قاشادىن ئاتلىتىپ ئۆتكۈزۈشكە چامى يەتمەمدۇ؟ ئەگەر سىلى ئېيتقاندەك بولسا تاغ بېسىپ ئۆلگەنلەرچۇ؟ — دېدىم.

بۇ يەردە قۇرئاندىن مىسال كەلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. بىلىملىك بولمىسا ئەقلىڭنى ئىشقا سالمامسەن. ئاللا «بەندىلىرىمگە ئەقىل بەردىم» دېگەن ئەمەسمۇ. بىراق شۇ ئەقلىنى ئىشلەتمىگۈچىلەرگە قارىتا ئاللا ئۆز كالامىدا «شەيتان ئۇلارغا كۆپىرىدىن ۋە گۇناھلاردىن ئىبارەت ئەمەللەرنى چىرايلىق كۆرسەتتى. ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى. ئۇلار ئەقىل ئىگىلىرى ئىدى. لېكىن ئۇلار تەكەببۇرلۇق يۈزىسىدىن ئەقلىنى جايىدا ئىشلەتمىدى.» دېيىلگەن. (ئەنكە بۇت سۈرىسى 35 ـ ئايەت)

بىر كۈنى ئايدۇرۇم مەھەللىسىدە نىكاھ مۇراسىمى بولۇپ قالدى. يىگىت بىلەن قىزنى نىكاھقا ئەكىرگەندىن كېيىن موللا ئالدى بىلەن ئۆزى بىلگىنىچە تەلىم بېرىشكە باشلىدى. ئاندىن توي بولۇۋاتقان قىزنىڭ ئالدىدىلا: «بىر ئەرگە تۆت خوتۇن راۋا» دېگەن پەتۋانى ئېيتتى. قۇرئان كەرىمنىڭ «نىسا» سۈرىسىنىڭ 3 ـ ئايىتىدە، بۇ مەسىلە تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىلگەن:

«ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ. ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار بىر خوتۇن بىلەن... كۈپايىلىنىسەڭلار بولىدۇ. بىر خوتۇن بىلەن كۈپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر» دېيىلگەن.

بىر كۈنى بىر كىشى يەرلەندى. مۇردىنى لەھەتكە قويغاندىن كېيىن مەزىن ئىمامغا:

— بۇ يەرگە پىششىق كېسەك ئەكىلىپ قويۇپتۇ، قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى. ئىمام:

— ئەسلىدە پىششىق كېسەكتە لەھەتنى بېكىتىش مەكرۇھ (مەكرۇھ ئىلاجسىزلىقتىن قىلسا گۇناھ بولمايدىغان چەكلىمە) قانداق قىلىمىز. كۆن سوغ، ئاللا كەچۈرەر، — دېدى.

شۇ يەردە بىرى:

— ئاپلا! — دەپ قالدى.

قالغانلار ئۇنىڭغا قاراپ:

— نېمە بولدى؟ — دەپ سوراشتى.

ھېلىقى ئادەم:

— خۇدا ئىنساپ بېرىپ مەسچىتكە باراي دېگەن نەيەتكە كېلىۋېدىم، ئەمدى ئۇ نىيەتتىن قايتتىم، — دېدى.

تۇرغانلار:

— نېمىشقا يالتايدىڭ؟ — دېيىشتى، ھېلىقى ئادەم:

— مەسچىتنىمۇ پىششىق كېسەكتە ياسىغان ئەمەسمۇ، ئۇنىڭغا كىرسەمۇ مەكرۇھ بولامدۇ؟ — دېدى.

جامائەت كۈلۈشتى، مانا مۇشۇ كۈلكە ئەقىلسىز موللىنىڭ شەنىگە داغ ئىدى.

ئەسلىدە ئۇ مەكرۇھ ئەمەس، «قۇرئان كەرىم»دە ئادەمنى دەپنە قىلىش ھەققىدە ھېچقانداق كۆرسەتمە يوق، شۇڭلاشقا ئەرەبلەر بۇ مەسىلىگە ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ.

مۇسۇلمانلىقتىكى ئاساسىي مەسىلە، بۇ دۇنيادىكى ياخشى ئەمەل بىلەن ئۇ دۇنيادىكى ئېتىبارغا باغلىق.



2014.5

چاملىق يەتسە بېتوندىن قەبرە تۇرغۇز... دېگەنىدى.
بۇ پەتىۋانىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى قەيەردە؟ ئۇيغۇرلاردا،
بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىدا مۇتەئەسسىپلەرنىڭ
كاساپىتىدىن يەن- تېخىنكا تەرەققىي قىلمىغان، خەلق
ئىنتايىن قالاق تۇرمۇش كەچۈرگەن، شۇ دەۋرىدىكى
ئىلغار دىنىي زاتلار خەلقنىڭ هال- ئەھۋالىغا قاراپ قەبرى-
لەرنى زىننەتلەشنى، قەبرە بېشىغا باهالىق تاشلارنى قو-
يۇشنى، پىششىق كېسەك ئىشلىتىشنى، يالاڭ باش يۈرۈش-
نى يامان بولىدۇ دەپ چەكلىگەن. بۇنىڭدىن يامان ئاقى-
ۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى
«يامان بولىدۇ» دەپ توسقان. شۇڭلاشقا تەننەرخى
ئەرزان خام كېسەكنى ئىشلىتىشنى دەۋەت قىلغان. گادايى
خەلققە هەر دائىم يۇيۇنۇپ- تازىلىنىپ يۈرۈش مۇمكىنچى-
لىكى بولمىغانلىقتىن يالاڭ باش يۈرمەسلىكنى تەرغىب
قىلغان. باش كىيىم كىيىپ يۈرۈش تاز يارىسىنىڭ ئالدىنى
ئېلىش چارىسى هېسابلانغان. تاز يارىسى ئاساسەن ۋاقتىدا
يۇيۇنماسلىقتىن باشنىڭ قوماقلىشىپ كېتىشىدىن، تويا-
چاڭدىن پەيدا بولىدۇ، بۇ كېسەل ئەڭ كۆپ تارقالغان
يەر شىنجاڭنىڭ يامغۇر- يېشىن بولمايدىغان، چاڭ-
توزان ئۆرلەپ تۇرىدىغان قۇرغاق رايونلاردا بولغان ئەل-
ۋەتتە. هازىر شىنجاڭدا بۇ كېسەللىك تۈپ يىلتىزىدىن تۈ-
گىتىلدى. (نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن) ئەمما يۇقىرىدى-
كى مەسىلىلەرنى نادان موللىلار ياكى پەتىۋاچىلار چۈشەن-
مەستىنلا يامانغا — ئىسلامغا قارشى مەسىلىگە ئايلاندۇ-
رۇۋالغان. ئاللا ئۆز كالامىدا «كىشىلەرنى ئازدۇرۇش
ئۈچۈن بىلمەي تۇرۇپ ئاللا نامىدىن يالغان ئېيتقان ئا-
دەمدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى ئاللا زالىم
قەۋمنى هىدايەت قىلمايدۇ» دېگەن (ئەنئام سۈرىسى
144 ـ ئايەت)

بىر كۈنى نەزىردە قۇرئان ئوقۇلغىچە بەزىبىر مېھ-
مانلار باش كىيىملىرىنى ئېلىۋېتىپ ئازادە ئولتۇردى، شۇ
قاتاردا مەنمۇ باش كىيىمىمنى ئېلىۋېتىپ ئولتۇردۇم، بىر
كەمدە موللا ژىنتقا (نەزىرگە) قۇرئان ئوقۇشقا تەرەددۇت
قىلدى، كىشىلەر باش كىيىملىرىنى كىيىشتى، مەن
يالاڭباش بويىچە ئولتۇرۇۋەردىم، ژىنتقا ئايەت ئوقۇلۇپ
بولغاندىن كېيىن يېنىمدىكى كىشى:

— سىز بولسىڭىز ئۆلىمانىڭ بالىسى، ئۆزىڭىز
هاجى، قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا يالاڭباش ئولتۇردىڭىزغۇ؟ بۇ
ئىشىڭىز بولمىدى، — دېدى.

هېلىقى كىشىنىڭ بېشىغا قارىسام شەپكىسى كىرلىشىپ
مايلىشىپ كېتىپتۇ.

— ئىسلام دىنى ئەسلىدە پاكىزلىقنى خالايدۇ. ئاللا-
نىڭ نۇرى پاكىز يەرگە قونىدۇ، مۇنۇ سىزنىڭ شەپكىڭىز
كىرلىشىپ مايلىشىپ كېتىپتۇ. يۇيۇلمىغىنىغا كەم دېگەندە
تۆت، بەش يىل بولغاندۇ؟ مەن بولسام بېشىمنى ئىككى-
ئۈچ كۈندە بىر يۇيۇپ تۇرىمەن، ئاللانىڭ نۇرى سىزنىڭ
شەپكىڭىزگە قونامدۇ؟ ياكى مېنىڭ بېشىمغا قونامدۇ؟ —
دېدىم.

ئۇ كىشىنىڭ دېگىنى نادان موللىلاردىن ئاڭلىۋالغان
سۆز. نادانلىق دېگەن باسما قەغەزگە سۇ يېپىلغاندەك
چاپسان يېپىلىدىغان نەرسە.

هەركىم ئاللانىڭ هەج قىلىش پەرزىنى مۇمكىنچىلى-
كى بارچە ئورۇندىسۇن. بىراق ئۇ ئابرۇي قازىنىدىغان،
باشقىلارغا مېنى هاجى دېسۇن دەپ تەمەننا قويىدىغان
نەرسە ئەمەس. پەقەتلا ئاللانىڭ ئالدىدا ئۆز ۋەزىپىسىنى
ئادا قىلىش ئۈچۈنلا قىلىنىدىغان ئىبادەت. ئەپسۇسكى بە-
زىبىر هاجىلار ئالاهىدە تائىپە بولۇۋېلىپ «هاجى» دېمە-
سە خاپا بولىدىغان دەرىجىگە يەتكەن، بولۇپمۇ «هاجى»
ئاياللارنىڭ ئېشىپ كەتكىنىنى دېمەمدىغان. خەلقتىن ئايرى-
لىپ، ئۆزلىرى بىر پىرقە (گۇرۇھ) بولۇۋېلىپ «هاجىلار
چېيى» دېگەننى چىقاردى، بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزگە بىر
ساهابى:

— رەسۇلۇللا، بىز ساهابىلەر ئولتۇرۇشنى ئۇيۇش-
تۇرساق، — دەيدۇ.

پەيغەمبىرىمىز:

— باشقىلار بىلەن ئارىمىزغا قاشا توساي،
دەمسەن، — دېگەنىكەن.

هاجىلار چېيى پەيغەمبىرىمىز دېگەن قاشا. ئاللا مۇئ-
مىنلارغا ئۆز كالامىدا «سىلەر دىنىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ،
پىرقە- پىرقە بولۇشۇپ، هەر بىر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن
خۇشاللىنىدىغان بولماڭلار» دەپ ئالاهىدە بولۇۋالماسلىققا
دەۋەت قىلىدۇ. (رۇم سۈرىسى 32ـ ئايەت)

يەنە ئاللا «شۇرا» سۈرىسىنىڭ 13ـ ئايىتىدە:

«سىلەر دىنىنى بەرپا قىلىڭلار، تەبىرىقچىلىك قىلماڭ-
لار» دەپ كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن مەزھەپچىلىك، پىرقە — پىر

قەگە بولۇنۇش، تەبرىقچىلىككە ئوخشاش ھەرىكەتلەرنىڭ قانچىلىك ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرۈۋالايمىز.

يۇقىرىقى ھاجىلار چېيىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئاستىدا ئاللاھدە تاماگەرچىلىك، «بىز ئاللانىڭ تاللانغان بەندىلەرى» دېگەن كۆپىرى يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھاجى بولۇۋېلىپ، ئاق بۆك، ئاق ياغلىق سېلىۋالغان بىلەن بېشىدىكى ئاق بۆك، ئاق ياغلىقتەك دىلى ئاقمۇ؟ يۇرتىغا، خەلقىگە ئاشۇ بېشىدىكى ئاق بۆك، ئاق ياغلىقتەك ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن باغرىنى خالىس ئاچالامدۇ؟ ياكى ئىنجىلدا ئېيتىلغاندەك تېشىنلا يۇيۇپ، ئىچى پاسكىنا قاچىغا ئوخشاش يۈرەمدۇ؟ مانا بۇنى ھەر بىر مۇسۇلمان ئويلىمىسا بولمايدىغان ئىش، ئۆزىنىڭ خاتاسىنى ئاقلاشقا ئاللانى قايرىپ قويۇپ ھەرىكەت قىلىدىغان ئاق بۆك، ئاق ياغلىقلار ئازمۇ؟ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى شەيتان قۇرتتەك ئۆگىلاپ كەتكەن.

ئالمۇتانىڭ مەلۇم بىر مەھەللىسىدە ھاجىلار چېيىغا ھاجى ئەمەس بىر ئايال قاتنىشىپ قاپتىكەن. «ھاجى ئەمەسلەر بۇ چايغا قاتناشسا بولمايدۇ» دېيىشىپ ئارىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللانىڭ ئېيتقىنىغا قارشى ئۆز ئالدىغا پىرقىغە ئايلىنىپ قالغان. ئاللا «قۇرئان كەرىم»دە: «ئى مۆمىنلەر: بىر قوۋم يەنە بىر قوۋمنى، بىر جەمەت يەنە بىر جەمەتنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى مەسخىرە قىلمىسۇن. مەسخىرە قىلىنغان قوۋم (ئاللانىڭ نەزەرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قوۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن...» (مۇنداق نەھى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر (ھۇجۇرات سۈرىسى 11 ـ ئايەت) دېگەن.

يۇقىرىقى ھاجىلار چېيىدىكى ئاياللار ئاللانىڭ مەزكۇر كالامىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىدىكەن؟ بۇ چايدىكى ھاجى ئاياللار بايىقى ئايالنى ئىنسانىي نۇقسانلاردىن، مىجەز-خۇلق جەھەتتىن ئۆزلىرىدىن تۆۋەن دەپ قارايدىكەن. ئۇ ھالدا توغرا تەلىم-تەربىيە بېرىپ، ئارىغا قېتىپ ئېلىش كېرەك ئىدى، ئەپسۇسكى ئاللانىڭ ئىرادىسىگە قارشى ئىش قىلىۋاتقان «ھاجىلار» چېيىدىكىلەر باشقىلارغا قانداق تەلىم-تەربىيە بېرەلىسۇن؟ بۇ مەجرۇھ مەجرۇھنى كۆتۈرۈپ ماڭالمىغاندەك بىر ئىش.

ئۆمرى كاززاپلىق بىلەن ئۆتكەن بىرسى مەككىگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەپتۇ. ئۇنى خەلق بېشىغا كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېشەك پېتى بېرىپ ئېشەك پېتى قايتىپ كەلگەنلىكى بىلەن كارى يوق، تۆرگە چىقاردى. بۇنىڭغا قارشى بولغانلارنى ھېلىقى نادانلار:

— ئۇنداق دېمەڭلار، بۇنىڭغا خۇدا ئىنساپ بەردى، — دەپ ئۇنى ئاقلىدى.

ئاللا ئىنسابنى ئادەم بىلەن بىللە ياراتقان، بىرنى ئىنسابلىق، بىرنى ئىنسابسىز قىلىپ ياراتقان ئەمەس ياكى بىرگە بۇرۇن، بىرگە كېيىن ئىنساب بېرىدىغان ھۆكۈممۇ يوق. ئاللاغا تۆھمەت ئاتمايلى. ئىنسابسىزلىق ئىنساننىڭ ئاچ كۆزلۈكىدىن باشلانغان. شۇڭلاشقا ئادەم ئاتىمىز شەيتاننىڭ ئاداشتۇرۇشىغا ئەگىشىپ «يېمە» دېگەننى يېگەن. شۇنىڭ بىلەن جەننەتتىن قوغلانغان، بۇ يەردە «شەيتان ئاللادىن خىزمەت ھەققى تەلەپ قىلغاندا، شەيتاننىڭ تەلىپى بويىچە ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن جاي بەرگەنكەن. شۇنداق تۇرسا ئادەمدە نېمە گۇناھ» دېگەن سوئاللارمۇ تۇغۇلىدۇ، بىراق ئاللا بەندىلىرىگە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ھەققىدە ئاللاھدە ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ سىرتىدا ئەقلىنىمۇ قوشۇپ بەرگەن، شۇڭلاشقا ئىنسابسىزلىق گۇناھىنىڭ بىرلا قېتىم كەچۈرۈلىدىغانلىقىنى، قايتا-قايتا ئۆتكۈزگەن گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈلمەيدىغانلىقى ئاللانىڭ كالامىدا ئوچۇق كۆرسىتىلگەن.

«ئاللا قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇزاققا قالماي... تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر... دېيىلگەن» (نىسا سۈرىسى 17 ـ ئايەت)

ئەگەر ئاللا بەندىنى يارىتىش بىلەن بىللە ئىنسابنى قوشمىغان بولسا، بەندىدىن ياخشىلىق ۋە ئىنساب تەلەپ قىلمىغان بولاتتى، ئىنساب بەردى، ئىنساب بەرمىدى دېگەننىڭ ئۆزى ئاللاغا تۆھمەت.

«... بۇ كىتابتا يەنى قۇرئاندا ھېچ شەك يوق (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر. ئۇلار غايىبقا ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال-مۈلۈكتىن (خۇدا يولىدا) سەرپ قىلىدۇ. ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا سەندىن ئىلگىرى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا

ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ» (بەقەرە سۈرىسى 2-، 4-ئايەتلەر)

مۇشۇ ئايەتلەردىن مەلۇمكى، ئاللا بەندىلىرىگە شەكسىز ئىشىنىدۇ، ئەگەر ئاللا بەندىلەر ئېيتىپ يۈرگەندەك، ئىنساب، تەۋپىقنى ئېگىز-پەس، بىرگە بۇرۇن، بىرگە كېيىن، بىرگە ئومۇمەن ئىنساب بەرمىگەن تەقدىردە بەندىلەرگە بۇ ئايەتلەردىكىدەك قاتتىق ئىشەنچ بىلدۈرمەگەن بولاتتى. ئاللا بەندىلىرىگە ئىشەنچ بىلدۈردىمۇ، دېمەك ياراتقۇچى ئىنسانىنى ئىنساب-تەۋپىق بىلەن قوشۇپ ياراتقان، بۇنىڭدا شەك يوق.

ئۇيغۇرلار قۇرئان كەرىمدە كۆپ تەكرارلىنىدىغان «مۆمىن» چۈشەنچىسىنىمۇ بۇزۇۋەتكەن، ئۇيغۇرلار دەۋاتقان ياۋاش-يۇمشاق، ھېچكىمنى رەنجىتمەيدىغان (ئەلۋەتتە بىكاردىن بىرىگە ئازار بېرىشى گۇناھ) مۆمىنلەر، جان باقار ئابدالدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلار ھەق-ناھەق مەسىلىسىدە دادىل تۇرالمايدۇ. نۆۋىتى كەلگەندە ئۆزىنىڭ قانۇني ھوقۇقىنىمۇ قوغدىيالمايدۇ.

«روھنى پاك تۇتقان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ» ( شەمس ھەدىس 9-ئايەت) روھى چۈشكۈن ئادەمنىڭ ئېتىمۇ ھېرىپ قالىدۇ.

«مۆمىن بولساڭلار ئىمانىڭلار سىلەرنى ئەجەب يامان ئىشقا بۇيرۇيدىكەنا؟ سىلەر مۆمىن ئەمەس، چۈنكى ئىمان، موزايغا چوقۇنۇشقا بولمايدۇ» (بەقەرە سۈرىسى 93-ئايەت)

بۇ ئايەت ئارقىلىق ئاللا مۆمىنلەردىن ئاق-قارىنى ئايرىشنى، ياخشى-يامانغا توغرا باھا بېرىشنى، ئەقىل-پاراسەتنى ئىشلىتىشنى، ئىماندا تۇراقلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى چۈشەنچىمىزدە مۆمىنلەر پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە. بىز مۆمىن دېسەك كۆز ئالدىمىزغا بىچارە، گومۇش، نادان، ئىنساني پەزىلەتلىرى يېتىلمىگەن ئادەملەر كېلىدۇ خالاس.

بەزىبىر نادان مولللار ئادەملەردىكى ياخشى-يامانلىقنى ئاللا پېشانىسىگە يېزىۋەتكەن دەپ، ئىنساندىكى ھەممە نۇقسانىنى ئاللاغا ئارتىپ قويىدۇ. بىر كۈنى مەسچىتتە ئىمام:

— ئادەم تۇغۇلۇپ، يەتتە ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ تەقدىرى پېشانىسىگە يېزىلىدۇ، — دېدى.

ئاز كۈن ئۆتمەي مەھەللىمىزدە بىر هاراقكەش، هاراقتا تۇنجۇقۇپ ۋاپات بولدى. ئىمام بايىقى پەتۋاسىنى ئۇنتۇپ قېلىپ:

— ئەسلىدە بۇنىڭغا ناماز كەلمەيدۇ، بۇ هارام ئۆلۈم، — دېدى.

شۇ يەردە بىرسى:

— جانابلىرى، ئۆزلىرى ئاۋۇ كۈنى مەسچىتتە ئېيتقاندەك ئاللا بۇنىڭ پېشانىسىگە مۇشۇ كۈننى يازغان تۇرسا بۇ ئادەمدە نېمە گۇناھ؟ — دېدى.

مانا بىزگە تەلىم بېرىدىغان بەزى موللىلارنىڭ ئەھۋالى. ھەممە رەسۋاچىلىقنىڭ مەنبەسىنى ئاللاغا ئارتىپ قويىدۇ. مەنتىقە (لوگىكا) دېگەندىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز. شۇڭلاشقا ھەممە گۇناھنى ئاللاغا ئارتىپ قويغىنىنى سەزمەيدۇ. ئاللا بەندىنى هاراقكەش بولسۇن، هاراق بىلەن زەھەرلىنىپ ئۆلسۇن، دەپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە يازغان ئەمەستە. بۇ ئادەملەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە ئەگىشىپ، ھەر تۈرلۈك ئەسكىلىكنىڭ ۋاقىتلىق لەززىتىگە بېرىلىپ، ئاللا بەرگەن ئىنسابنى دەپسەندە قىلىپ، ئەقلىنى تەرك ئەتكەنلەر.

بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ئىگىسى بەندىلىرىگە ياخشى-يامانلىقنى چوڭقۇر ئاگاھلاندۇرغان.

«ئاللا ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» (مائىدە سۈرىسى 13-ئايەت)

بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلىش ئاللانىڭ قۇدرەت كامالىدا يوق.

«بىزسىلەرگە رىزقى قىلىپ بەرگەن پاك-شېرىن تائاملارنى يەپ-ئىچىڭلار (دېدۇق). ئۇلار نېمەتلىرىمىزگە نان كورلۇق قىلىش بىلەن بىزگە ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرىگىلا زۇلۇم قىلدى. (بەقەرە سۈرىسى 57-ئايەت)»

ئادەملەرنىڭ تەقدىرى ئاللا پېشانىسىگە يازغىنى بويىچە ئەمەس، ئاللاغا ئەگىشى بىلەن ياخشىلىققا مېڭىش. شەيتانغا ئەگىشىش بىلەن يامانلىققا مېڭىشتەك ئىككىنىڭ بىرىنى تاللاشقا باغلىق، يۇقىرىدىكى ئايەتلەر بىزنىڭ بۇ پىكرىمىزنى ئاساسلاپ بېرىدۇ.

«ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (نۇر سۈرىسى 58-ئايەت)

مۇشۇ كۈنلەردە ئۇيغۇر جامائىتى ئارىسىدا بىر نادانلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئۇ بولسىمۇ مەككە-مۇكەررەمگە بېرىپ تاۋاپ قىلىپ كەلگەنلەرنى «ھاجى» دەپ، ئالىم-

ئەرباب قاتاردا كۆرمەكتە. تـوغرا مۇقەددەس زىيـارەتنى ئادا قىلغۇچىلارنى ئىنسانىي سۈپەتى مۇسۇلمانلىق پەزىلىتى شۇنىڭغا لايىق بولسا، هـۆرمەت-ئىـهتىرام قـىلىشقا تـوغرا كېلىدۇ. بـىراق ئـۇلارنىڭ هـەممىسىنى دىنـىي زات، دىنـىي ئالىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئەخمىقانە، پەتىۋالارنى «پالانچى هاجىم مۇنداق دېدى، پوكۇنچى هـاجىم ئـۇنداق دېدى» دەپ دىنىي ساۋاتى يوق، بـىر قـانچە سۈرىلەرنى يادىغا ئېلىپ، چىرايلىق ئـوقۇشنى ئـۆگىنىۋالغان، قـۇرۇق ئېتىقاد بىلەن يۈرگەن، يا بولمىسا ئالاقاپ ئالدامچى، ئايرۇپەرەس بۇ ئادەملەرگە هاجى بولغىنى ئۈچۈنلا ئەگەشكىلى بولمايدۇ. هېچكىم مـەككە مۇكەررەمگە بېرىپ بىر-ئىككى هەپتە زىيارەتتە بولغىنى ئۈچۈنلا قۇرئاندىن پەتىۋە ئېيتقۇدەك دەرىجىگە يېتىپ كـەتمەيدۇ. ئـەگەر ئـۇلارنىڭ بۇرۇندىن هەر تەرەپلىملىك دىنىي ئـاساسى بـولغان تـەقدىردە ئۇ هاجى بولغۇچى مۇتەئەسسىپ بولمىسا يالغان پەتىۋا چىقارمىغان بولاتتى.

مۇتەئەسسىپ دېگىنىمىزگە بىر مىسال: 1944-يىللىرى غۇلجا شەهەر قازىسى روزا ئېيدا پۈتۈن ئـاشخانىلارنى ياپقۇزۇۋەتكەن. بۇ خەۋەر دىنىي ئىشلار نازىرى ئابدۇمۇتەئالى خـەلپىگە يـەتكەن. نـازىر قـازىنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— سىلى شەهەردىكى بارلىق ئاشخانىلارنى ياپقۇزۇۋېتىپسىلىغۇ؟ — دەپ سورىغاندا، قازى:

— يـاپقۇزۇۋەتتىم، بـۇ دېگــەن روزا ئـېيى، — دېگەن.

— باشقا دىندىكى تـىجارەتچىلەر، سىرتتىن كـەلگەن مۇساپىرلار قەيەردە تاماقلىنىدۇ؟

قازى يەرگە قاراپ ئولتۇرغان.

— روزا تـۇتمىغىچە بـارلىق مـۇساپىرلار، سىرتتـىن كەلگەنلەر، غەيرىي دىندىكى سودىگەرلەر سىلىنىڭ ئـۆيلىرىدىن تاماقلىنىدۇ، ئەمدى قـايتىسلا بـولىدۇ، — دېگـەن خەلپەم.

شۇڭلاشقا ساۋاتسىز هاجىلارغا، مۇتەئەسسىپ موللىلارغا قـويۇپ بـەرسە، سۈنى لـەيلىتىپ بېلىق تـۇتماقچى بولۇپ هەممىنى رەسۋا قىلىدۇ ۋە شۇنداق قىلىپ كـەلدى، مەككە مۇكەررەمگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئىبادەت قائىدىلىرىنى چۈشەنمەك خېلى قىيىن ئىش، دىنىي ساۋاتى بار ئادەملەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. «مـايمۇننىڭ قـولىغا هـۇقۇقلۇق تەگسە، هەممە ئادەمنى دەرەخكە چىقىڭلار دەپ قىينايدۇ» دېگـەن تـەمسىل يۇقىرىقى ئـەمەلىيەتتىن كـېلىپ چىققان.

1998-يىلى قۇربان هېيت مۇناسىۋىتى بىلەن هەج سەپىرى قىلدۇق، ئـالاهازەل قـايتىش چېغىمىزدا بـەزى هاجىلار 40-50 لىتىردىن زەمزەم سۈيى ئېلىشتى. (قاچىسىغا هەق تۆلەيدۇ، سۈيى بىكار) بىر هاجى:

— سۈنى نـېمانچە جىق ئـالدىڭلار؟ — دېۋېدى، هېلىقى كىشىلەر:

— ساۋاب بولىدۇ، — دېيىشتى.

هېلىقى هاجى:

— ئەگەر ساۋاب بـولسا مـەككىنىڭ تـېشىدىن بـىرەر تونىنا ئېلىپ كېتىڭلار، ئەرەبلەر بۇ تاشلاردىن قۇتۇلالماي يۈرىدۇ، — دېدى.

(مەككە پۈتۈنلەي قارا تاش ئـىدىرلىرىنىڭ ئـارىسىغا جايلاشقان شـەهەر ئـىكەن. ئـاهالىسى 300 مـىڭغا يـېتەريەتمەس)

بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەندىن كـېيىن، بـەزى هـاجىلار زەمزەم سۈيىنى «دىمىدە» دەپ، كەئبىنىڭ سۈرەتلىرىنى ئۆي تۇمارى دەپ سېتىپتۇ. شۇلارغا ئـوخشاش قـىسمەن هاجىلار ئۆزلىرىنى هاجى دېمىگەنلەردىن رەنجىپ، تۆر تالىشىپ، ئۆزلىرىنى تەقۋادار كۆرسىتىپ، يالغان پەتىۋالارنى چىقىرىپ، ئادەملەرنى ئاداشتۇرماقتا.

ئالىي ئوقۇش ئورنىنى تۈگەتكەن، ئۇزاق يـىل مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەن، كـېيىن تـېۋىپ بـولۇۋېلىپ، پۇل تېپىپ هاجى بولغان بىرى ماڭا:

— مـەن ئـۇزاق يـىل ۋاقتـىمنى مۇئەللىملىك بىلەن بىكار ئۆتكۈزۈۋېتكىنىمگە ئېچىنىمەن، — دېدى.

مـۇئەللىم بـولۇپ، پـۇل يـىغالمىغانلىغا ئـېچىنسا كېرەك. بۇ گەپ خۇددى پەرزەنتىگە ئاق سۈت بېرىپ ئۆستۈرگەن ئانا بەرگەن ئاق سۈتىگە ئـېچىنغاندەك بـىر ئىش پەرزەنتىگە ئاق سۈتىنى بەرگىنىگە ئېچىنىدىغان ئـانا بارمۇ؟ شۇنداقلا پەرزەنتلىرىگە ئىلىم بەرگىنىگە ئېچىنىدىغان ئۇستاز هەم يوق. ئەگەر ئۇنداق ئۇستاز بولسا مۇشۇ كىشى بىرىنچى بولار دەيمەن. بۇ تېخى هاجىمىش.

ئەگەر ئىلىم ئېلىش بىرىنچى ۋەھى بولغانىكەن، ئىلىم

ئېلىش، ئوقۇش ئەڭ ئۇلۇغ ساۋاب دېگەن سۆز. چۈنكى
ئادەمنىڭ مېڭىسى ئۇنىڭ پۈتكۈل ھايات پائالىيىتىگە باش-
چىلىق قىلىدۇ. مېڭە بولمىسا قالغان ئەزالارنىڭ پائالىيىتىمۇ
توختايدۇ. ئەگەر ئادەمدە ئىلىم-پەن مېڭىسى بولمىسا
ئاللانىڭ بۇيرۇغان پەرزلىرىنى ئادا قىلىشقا، گۈزەل ھايا-
تىغا، كەڭ يول ئېچىلمايدۇ. شۇڭلاشقا ئاللا تەرىپىدىن
چۈشكەن 1-ۋەھى ئوقۇش ھەققىدە بولغان.

«ئاللا ئۆمىلەرگە (يېزىشنى، ئوقۇشنى بىلمەيدىغان
ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (مۇھەم-
مەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى. ئۇ ئۇلارغا قۇرئان ئايەت-
لىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ. ئۇلارغا قۇرئاننى ۋە ھېكمەتنى
ئۆگىتىدۇ...» دېيىلگەن. (جۇمە سۈرىسى 2-ئايەت)
كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، بۇ ئايەتتە ئالدى بىلەن مۇسۇلمان-
لارنىڭ ئىمانىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن يېزىش،
ئوقۇش ۋاستە قىلىنىۋاتىدۇ. ئاللا كەلگۈسىدىن بېشارەت
بەرگۈچى بولغىنى ئۈچۈن، 1-ۋەھىنى ئوقۇش توغرىسىدا
چۈشۈرگەن. ئەمدى بىزنىڭ سابىق مۇئەللىم ئۆزى تاپقان
نەچچە ئون يىللىق ساۋابىنى يەرگە ئۇرۇپ پۇشايمەن قىل-
ماقتا. ئۇنداق ھاجىلىق كۆز بوياmچىلىقتىن باشقا نەرسە
ئەمەس.

بىر كۈنى ساھابىلەر ئاخىرقى غازاتتىن قايتىپ كەل-
گەندىن كېيىن:

— يا رەسۇللۇللا، بىز جىھاد قىلىپ بولدۇق،
ئەمدى نېمە ئىش قىلىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام:

— بىز كىچىك جىھادنى ئاخىرلاشتۇردۇق. ئەمدى
چوڭ جىھاد قىلىمىز. يەنى نەپسى، خاھىشىمىز بىلەن جىھاد
قىلىمىز، — دەپتۇ.

كىچىك جىھادتا قۇدرىتىڭ يەتسە دۈشمىنىڭنى چېپىپ
يوقىتالايسەن، چوڭ جىھاد بۇنىڭدىن قىيىن، چۈنكى
نەپسى خاھىش، ئابرۇيپەرەسلىكى ئۈچۈن بايىقى مۇئەللىم-
نى چېپىۋەتكىلى بولمايدۇ.

— ئابدۇقادىر داموللا قاھىرە، ئىستانبۇل قازان،
بۇخارا، تاشكەنتلەردىن ۋەتىنىگە «خەلقىم غەپلەتتىن ئويـ-
غانسۇن، كۆزى ئېچىلسۇن» دەپ يىغىپ كەلگەن ماتېرىيالنى...
سىنى ئەكەلدى. بىز ئۇنىڭغا مۇناپىقلىق بىلەن قەست
قىلىپ، ئۆلۈم جازاسىنى بەردۇق. بوۋام سەئۇدى ئەرە-

بىستاندىن ھاجىلىق ئاتىقى بىلەن خورما، زەمزەم سۈيى
ئەكەلدى. بىز ئۇنى داغدۇغىلىق قارشى ئالدۇق، —
دەيدۇ مۇشۇ نادانلىقلارغا ئېچىنغان بىر ياش.

مېنىڭ يەتتە-سەككىز ياش ۋاقىتلىرىم ئىدى. بىر
كۈنى بامدات نامىزىدىن قايتىپ، دادام بىلەن پۈتۈن جاما-
ئەت بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. دادام مېنى چاقىرىپ
پەتنۇس ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. مەن پەتنۇس ئېلىپ
كېلىپ دادامغا ئۇزاتتىم. شۇ چاغدا تۆردە ئولتۇرغان
چاڭگا ساقال يوچۇنلا ئادەم يانچۇقىدىن ئاق لاتا ئېلىپ
پەتنۇسقا ياپتى. يېنىدىن كىچىكرەك خالتا چىقىرىپ: «بىسـ-
مىللاھىر راھمانىر رەھىم» دەپ خالتىغا قول سېلىپ،
ئىچىدىن باشمالتاقچىلىك قارامتۇل بىر نەرسىنى ئالدى.
ئاندىن ئۇنى پەتنۇستىكى ئاق لاتىنىڭ ئۈستىگە
قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قوللاپ دادامغا
سۇندى. دادام ئۇنى پەتنۇستىن ئېلىپ پۈتۈن جامائەت-
كە بۆلۈپ تارقاتتى. ھەممەيلەن «بىسمىللاھىر رەھمانىر
رەھىم» دەپ ئاۋۋال كۆزگە سۈرتتى - دە، ئاندىن
ئاغزىلىرىغا سېلىشتى، كېيىن قارىساق ئۇ بىر تال خورما
ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن جامائەت ھېلىقى ئادەمگە توخۇدىن
تارتىپ قويغىچە كۆممىقوناقتىن تارتىپ بۇغدايغىچە دۇئا
قىلدۇردى. كېيىن ئۇقساق ئۇ ئادەم مەككىگە بېرىپ
كەلگەن ھاجى ئىكەن. بولۇۋاتقان ئىش بىر تال خور-
مىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ئىكەن. مېنىڭ بىلىشىمچە ھېلىقى
ھاجىنىڭ خالتىسىدا يەنە بىرەر 100 تال خورما بولۇ-
شى مۇمكىن. مەن موللا بىلالنىڭ «چاڭموزا يۇسۇپ-
خان» ناملىق داستانىنى ئوقۇسام مۇشۇ ۋەقە ئېسىمگە
چۈشىدۇ.

(داۋامى بار)

ئىزاھلار:

① داۋۇت ئوبۇلقاسىم : «تەبىئىي پەن روھى ۋە بىزنىڭ ئە-
دەبىي ئىجادىيىتىمىز» «تەپەككۇر» ژۇرنىلى 2014-يىل 55-، 56-
بەت.

②، ③ (شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 2002-يىلى 1-سان، 75-
بەت).

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇللا ئىبراھىم (غۇلجا شەھەرلىك
ئۆي - زېمىن ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلەت ئابدۇللا

# ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى توي مەدەنىيىتى

ئابدۇكېرىم تۇردى

ئەنئەنە دېگەن ئۇقۇمنى مۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇكى، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك ئۆرپ-ئادەتلەر، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت، ئىدىيە-ئىستىل، سەنئەت، تۈزۈم، پەلسەپە، ئۇستىقۇرۇلما، ئىقتىسادىي بازىس قاتارلىق تەرەپلەردە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بىر خىل ئىجتىمائىي ئامىلنىڭ ئەنئەنە دەپ ئاتىلىدىغانلىقى («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 94-بەت) ئىزاھلانغان.

«توي» دېگىنىمىز تۇرمۇش قۇرغانلار شەرىپىگە مېھمان چاقىرىش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق تۈرلۈك پائالىيەتلەر ئارقىلىق خۇشاللىقنى، تەبرىكلەش مۇراسىمىدىن ئىبارەت.

ئەنئەنىۋى توي مۇراسىمى — تارىخى ئەڭ ئۇزاق بولغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى.

توي ئۇيغۇرلار ئۇرۇقداشلىق تۇرمۇشىنى بېشىدىن كەچۈرۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

«توي» مېھرىبانلىق، ئۇرۇق-تۇغقانلىق، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، ئىناقلىق مۇراسىمى.

«توي» خۇشاللىق، خاتىرجەملىك، بەخت-سائادەت ۋە ئاسايىشلىقنىڭ شانلىق مېلودىيەسى ھېسابلىنىدۇ.

## توي مۇراسىمى پائالىيەتلىرى

توي مۇراسىمىدا كۈلكە-چاقچاق، بەزمە، مەشرەپ، چوڭ-كىچىك ئولتۇرۇش، بىر-بىرىگە بېيىت بىلەن چاي تۇتۇش، يېڭىلتماق ئېيتىش، ھەزىل-قىزىقچىلىق، يۇمۇر سۆزلەش، بىر-بىرىگە سىنى چاي سۇنۇش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىرى يەنە بىر كىشىگە تاق پىيالە، جۈپ پىيالىگە مۇۋاپىق چاي قۇيۇپ ئىككى قولى بىلەن ئوڭ ۋە سول ئۆرۈپ-چۆرۈپ چاي سۇنىدۇ. چاينى ئالغۇچى ئىككىنچى كىشىمۇ شۇنداق ھۈنەر بىلەن چاينى ئۆرۈپ-چۆرۈپ گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىن



ئۆتكۈزۈپ «رەھمەت!» دەپ چاينى ئىچىۋېتىپ، بىرىنچى قېتىم چاي تۇتقان ساھىبخانىغا ئوخشاش چاي قۇيۇپ ئۇنى ئۆرۈپ بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، «بار تاۋىقىم-يان تاۋىقىم» دەپ ساھىبخانىغا ئىككى قوللاپ تۇتىدۇ. شۇ جەرياندا ئىككى ساھىبخانىنىڭ بىرسى سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قالسا، يىگىت بېشىنىڭ ئالدىغا سالام بىلەن بېرىپ ئەرز قىلىدۇ. يىگىت بېشى مىرشاپ بەگ ئارقىلىق كۆپچىلىك ئالدىغا گۇناھكارنى چاقىرىپ سەۋەنلىكلىرىنى جامائەتكە ئۇقتۇرۇپ، ئۇ كىشىگە قانداق جازا بېرىشنى كۆپچىلىك بىلەن توختاملىشىپ جازالايدۇ، مەيداننى خۇشاللىق قاپلايدۇ.

جۇۋازغا قېتىش، سامسا يېقىش، سۈرەتنى تامغا تارتىش، چوڭ داسقا سۇ قاچىلاپ تەڭگە پۇل تاشلاپ ئاغزى بىلەن سۈزۈپ ئالدۇرۇش، ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش، ئۇسسۇل ئويناش، ناخشا ئوقۇتۇش قاتارلىق جازا تۈرلىرى ئىجرا قىلىنىدۇ.

شۇنداقلا يەنە قىزىقچىلىق بىلەن ھەر بىر يۇرت، شەھەرنىڭ تىل شىۋىسى بىلەن ناخشا توۋلاش ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ ۋۇۋانىنى، تەبىئەتتىكى ھەر خىل ئۇچار قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى دوراپ، توي جامائىتىنىڭ كۆڭلىنى ئالىدۇ.

تويچىلار تۈن بويى ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئوقۇغاندىن سىرت، دۇتار، راۋاب، غېجەك، ئىسكىرىپكا، قالۇن، چاڭ، داپ، ساپايە، قوشۇق، تاش، لېگەن، تاشتەك قاتارلىقلارنى چېلىپ تويىنى خۇشاللىققا چۆمدۈرىدۇ.

«دىۋان»دا قەدىمكى ئۇيغۇر چالغۇ ساز تۈرى، چېلىنىش ئۇسۇللىرى، سازەندە-نەغمىچىلەرگە ئائىت بىر قىسىم خاس ئاتالغۇلارنى، تۈرلۈك توي مۇراسىم، چوڭ-كىچىك ئولتۇرۇش، بەزمە، مەشرەپلەردىن ئۇچۇر بېرىدۇ.

«ئۇ يىراغو»: چالغۇ، سازەندە، ناخشىچى (3-توم، 46-بەت).

«كۆۋرۈك»: ناغرا، دۇمباق، سۇناي، چالغۇ ئەسۋاب، (1-توم، 625-بەت).

«ئۆتتۆردى»: چالدۇردى، نەي چالدۇردى. (1-توم، 624-بەت).

«چاڭ»: چالغۇ ئەسۋاب، (3-توم، 487-بەت).

«سەچوك»: مەشرەپ، كىچىك ئولتۇرۇش. (1-توم، 624-بەت).

«كوگ»: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا ئېيتىلىپ يۈرۈيدىغان ھەزىل، قىزىقچىلىق، كۈلكە، خۇشلۇق. (3-توم، 180-بەت).

تۈرلۈك مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، تاكى بۈگۈنگىچە تۈرلۈك شەكىلدىكى توي پائالىيەت، مۇراسىملىرى داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## ئوغۇل تەرەپنىڭ لايىق تاللىشى

نىكاھ ۋە تۇرمۇش ئىشى ئاتا-ئانىلارنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان ۋە خاتىرجەمسىزلەندۈرىدىغان مۇھىم ئىش، چۈنكى «نىكاھ دېگەن ئۆمۈر سودىسى» دېگەن گەپ بار.

پەرزەنتلەرنىڭ نىكاھ ۋە تۇرمۇشتا بەختلىك بولۇشى ئىككى ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكى، يەنە بىر ئائىلىنىڭ بەختلىك بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش. تۇرمۇش خاپىلىقى ئائىلىلەرگە ئىنتايىن چوڭ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلگەچكە، ھەرقانداق ئاتا-ئانا پەرزەنتلەرنىڭ بۇ چوڭ ئىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ.

قىز تاللاش جەھەتتە: قىزنىڭ گۈزەللىكى، يېشى، تەق-تۇرقى، زېرەك-ھوشيارلىقى، دىنىي، پەننىي جەھەتتىكى مەدەنىيەت سەۋىيەسى، ئەخلاق-پەزىلىتى، ئاش-تاماق ئېتەلىشى، پاكىزلىقى، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان چەپدەسلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، قوۋم-قېرىنداشلىرى ئىچىدىن لايىق تاللاشنى مەقسەت قىلىدۇ. 2-قەدەمدە كۆڭلى يېقىن، ئۇرۇق-تۇغقاندەك ئۆتكەن دوسىيار، ئاغىنە-بۇرادەرلىرى ئىچىدىن تاللىنىدۇ، 3-قەدەمدە مەھەللە كوي، قولۇم-قوشنا ئىچىدىن لايىق تاللىنىدۇ.

نىكاھ ساغلاملىقى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ساغلاملىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، قانداشلىق، ئىملداشلىق قاتارلىق ئىشلارغا چېتىلىدىغان لايىقلارنى چەكلەش قاتارلىق بىر قانچە نازۇك قائىدە-يوسۇن، نىزاملار بويىچە لايىق تاللاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا قىز لايىق تاللاشتا قىزنىڭ ئەخلاقى، دىنىي ئېتىقادى، ھۆسن-جامالى، ئائىلە ئەھۋالى بىردەك ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى يەنىلا قىزنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى ۋە دىيانىتى (دىنىي ئېتىقادى ئاساسىدا تىكلەنگەن خۇلقدۇر).



بۇ ھەقتىكى قاراشلار مۇتەپەككۇر، ئالىم يۇسۇف خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 62 ـ بابىدا «ئۆيلىنىشنىڭ قانداق بولۇشى بايانى»دا شۇنداق دېيىلگەن:

«ئەگەر ئۆيلىنىشنى خالىساڭ ئۆزۈڭ،
تاللىۋال خىلىنى، ئىنتىك قىل كۆزۈڭ.
...
ھېكىم سەن، بىر تەقۋادۇر خوتۇن ئىستىگىل،
ئۇ بولسا، بولۇر جەم بۇ تۆت شەرتىمۇ، بىل»

دېمەك، يۇسۇپ خاس ھاجىپ لايىق تاللاشتا تۆت خىل ئايال (باي ئايال، گۈزەل ئايال، ئېسىل نەسەبلىك ئايال ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك تەقۋادار ئايال) ئىچىدىن خۇلقى ياخشى تەقۋادار قىزنى تاللاشنى تەشەببۇس قىلغان.

## قىز تەرەپنىڭ لايىق تاللىشى

قىز ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قېتىلىپ خۇددى ئوغۇل ۋە ئاتا ـ ئانا جەمەتلىرى ئوغۇل تەرەپكە لايىق تاللىغانغا ئوخشاش ئۆزىگە ئەستايىدىل لايىق تاللايدۇ. ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ۋە يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ ئېيتىشىچە، يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆزئارا نىكاھلىنىپ قالسا، (قېرىغاندا) ناماششام قارىغۇسى، تۇغماس ياكى تۇغقاندىمۇ پالەچ، كەمتۈك، پۈچۈق، گاس ـ گاچا، مېيىپ، بىھوش، دەلدۈش، تاز، قاشسىز، كىرپىكسىز تۇغۇلۇپ قالىدۇ دەيدىغان رىۋايەت بار، ئاشۇ خىل رىۋايەتلەردىن ھەزەر ئەيلەپ ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن لايىق تاللايدۇ.

«پەرزەنتلەرنىڭ ئېمىدىغان سۈتى قانداق ھاسىل بولىدۇ»، «قان بىلەن سۈتنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن»، بىر ئانىنى ئەمگەن بالىلارنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار، ئۇلار توي قىلسا بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل ئادەتلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلار ئەركىن ھالەتتە بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلاشسا بولمايدۇ. ئىپپەتكە كۆڭۈل بۆلمەسلىك ئەڭ چوڭ ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىدۇ، ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي ئەخلاققا نىسبەتەن چەكلەيدۇ.

«نىكاھ»تىن بۇرۇن قىزنىڭ يىگىت بىلەن ئارىلىشىشىغا چەك قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىپپەتكە سەل قاراشنى ئەڭ چوڭ گۇناھ، نومۇسسىزلىق دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر قىز ـ ئوغۇللىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆز پەرزەنتلىرىگە «كۆز ـ قۇلاق» بولۇپ، ئۇلارنى ئىنتايىن ھوشيارلىق بىلەن باشقۇرىدۇ. ماڭغان ـ تۇرغان جايلىرىغا دىققەت قىلىدۇ. ئىپپىتىنى بۇلغاش، ئىناۋىتىنى تۆكۈش، «پوق يەپ قېلىش» ئەڭ چوڭ ئەخلاقسىزلىق دەپ قارىلىدۇ.

ئۇيغۇر قىزلىرى لايىق تاللاشتا ئوغۇل تەرەپكە قارىغاندا ئۆزلىرىنىڭ بەختىسىز، بىتەلەي بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىنتايىن ئىنچىكە ئويلاپ لايىق تاللايدۇ.

## ئەلچى

بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە مەلۇم ھاجەت، تاپشۇرۇق بىلەن ئەۋەتكەن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ۋاسىتىلىك رول ئوينايدىغان ئادەم ئەلچى دېيىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ توي پائالىيەتلىرى ئەلچىلەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ. يۈز ـ ئابرويلۇق، جامائەت ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر، قۇلىقى ئىنتىك، تىلى راۋان، گەپ ـ سۆزلىرى جايىدا، ئەلچىلىككە يارايدىغان، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايدىغان كىشىلا ئەلچىلىككە تايىن

2014.5

تېپىپ ئەۋەتىلىدۇ. ئەلچى بولغان كىشىلەر قىزنىڭ ئائىلىسىگە بارغاندىن كېيىن پاتىھە ئوقۇپ، تىنچ-ئامانلىق سورىشىپ ئەھۋاللىشىدۇ. تېخى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قول باغلاپ ئالىي ئىززەت-ئىكرام بىلدۈرىدۇ. ئەلچى ئىككى كىشى بولۇپ، بۇنىڭدىن بىرەيلەن «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن ماقال بىلەن سۆزىنى باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ كىملەر تەرەپتىن، نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئەلچىلەر «قىز بار ئۆيگە 45 ئاتنىڭ چۇلۋۇرى باغلاقلىق» دېگەن تەمسىل بىلەن كەمتەرلىك بىلەن قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنى چىرايلىق گەپ قىلىپ ماختاپ ئۇچۇرىدۇ. ئوغۇل تەرەپنىڭ كىملىكى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى قاتارلىق تەرەپلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

**ئىشىك ئېچىش:** قىزنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ تۇنجى قېتىم مەقسەت-مۇددىئاسىنى ئاشكارىلاش «ئىشىك ئېچىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەلچىلەر ئىشىكنى ئېچىپ «ماقۇل» دېگەن جاۋاب ئېلىنغۇچە، ھەر ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدا بىر قانچە قېتىم بېرىش-كېلىش بولۇپ تۇرىدۇ. ئەلچىلەر چەبدەس بولسا، قۇدا بولغۇچىلارنىڭ ئىشلىرىنى ھەر جەھەتتىن ئەپلەشتۈرۈپ، تويىنى پات ئارىدا ئۆتكۈزىدۇ. ئەكسىچە ئەلچى تاماخور، ئاغزى بوش، ھەسەتخور، ئاچ كۆز بولسا، بىر چىرايلىق كېلىشىپ قالىدىغان توي ئىشلىرىنى بۇزۇپ قىز-يىگىتلەرنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق، كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا ئەلچىنى ئوبدان تاللاش ئەڭ مۇھىم. ئەلچىلەر قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ماقۇل بولغاندىن كېيىن قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئائىلىسىدىكى گەپ-سۆزلەرنى ئۆزئارا يەتكۈزۈپ، توينىڭ «ئاش-سۈيى»نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

«ئاش سۈيى» دېگەن يىگىت ئائىلىسىدىن قىز ئائىلىسىگە بېرىلىدىغان توي لازىمەتلىكلىرى. ئەلچىلەر ئىككى قۇدىنىڭ گەپ-سۆزلىرى، تەلەپ، ئۇرۇنۇشلىرىنى بىر-بىرىگە يەتكۈزۈپ، ئاخىرىدا ھەر ئىككى تەرەپ قوبۇل قىلالايدىغان مۇۋاپىق ئاش سۈيىنى توختاملىشىپ، قىز تەرەپنىڭ شەرت-شارائىتى ۋە توي ھازىرلىقىنىڭ پۈتۈشىگە ئاساسەن توينىڭ ئاي-كۈنىنى بېكىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تۇنجى رەسمىيەت ئاخىرلىشىدۇ.

قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلاردا قىز بىلەن يىگىتنىڭ بىۋاستە ئۇچرىشىپ، مۇھەببەتلىشىش ئارقىلىق توي قىلىش مۇمكىنچىلىكى ئىنتايىن ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، قىزنىڭ ئائىلىسى بىلەن يىگىتنىڭ ئائىلىسى ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرۈش خىزمىتىنى ئۆتەيدىغان ۋاستىچى ياكى ئەلچىنىڭ بولۇشى بەكمۇ زۆرۈر بولغان. ھەر ئىككى تەرەپ ئەلچى بولغان كىشى ئارقىلىق ھەرقانداق گەپ-سۆز، تەلەپ-پىكىر، ئۇرۇنۇشلىرى بولسا قارشى تەرەپكە بىلدۈرىدۇ، ئەلچى خالىس مەيداندا تۇرۇپ، قىز-ئوغۇل تەرەپنى كېلىشتۈرۈپ، قىز-ئوغۇلنىڭ، ئاتا-ئانىسىنىڭ رازى-رىزالىقىنى ئالغاندىن كېيىن چاي ئەكىلىش ۋاقتى-سائىتىنى بەلگىلەيدۇ.

توي ئەلچىسىگە راستچىل، ھەققانىي، سەممىي، پاك، سۆزمەن (زۇۋانداز)، دۇرۇس كىشى تاللىنىدۇ. يالغانچى، ئاچ كۆز، ئىشرەتخور، بۇزۇق، پىتنە-پاساتچى، ئابرۇيپەرەس، ئاغزى بوش كىشىلەر چەكلىنىدۇ. ئەلچى بولغان كىشى توينىڭ ۋاقتى-سائىتى كەلگۈچە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ توي مۇراسىمىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى چىڭ ساقلايدۇ. قىز تەرەپنىڭ مەخپىيەتلىكىنى توي مۇراسىمى كۈنىگىچە ساقلايدۇ. توي ئىشى غەلبىلىك بولسا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇرۇق-تۇغقان، يېقىنلىرى خۇشاللىققا چۆمۈلىدۇ. ئەگەر ئېغىز بوشلۇق ياكى باشقا بىرەر پۇتلىكاشاڭ تۈپەيلىدىن ئەپلەشمەي، غەۋغا چىقسا، كەڭ جامائەت ۋە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، مەھەللە-كويلار نارازى بولىدۇ، توي ئەلچىلىرىمۇ خىجىل بولىدۇ.

قەدىمكى دەۋردە بىر ئەر بىر قىز بىلەن توي قىلىشنى كۆڭلىگە پۈتكەن بولسا، ھازىرقى توي ئادەتلىرىگە ئوخشاش قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. مەھمۇد كاشغەرىي قىز سوراپ بارغان ئەلچىلەرنىڭ يەنى كۆرگۈچىلەرنىڭ «ساۋچى» (سۆزچى — ئەلچى)، «بورىغۇچى»، «يازغۇچى» (يازغۇچى ۋە ئارقۇچى) دېگەندەك نام-ئاتالغۇ بىلەن ئاتالغانلىقىنى رەت بويىچە كۆرسەتكەن.

«ساۋچى» قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا يول مېڭىپ، گەپ-سۆز قىلىپ ئەلچىلىك قىلىدىغان ئادەم. «ساۋچى» بۇنىڭ سۆزىنى ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ سۆزىنى بۇنىڭغا يەتكۈزگۈچى ئادەم.

«يورىغۇچى»: ئۇرۇق-تۇغقانلار، قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا بىمالال بېرىپ كەلگۈچى ئادەم.

«ئەۋگە كىرگۈچى»: ئۆيگە كىرگۈچى، يۇمشاق، سىلىق، سىپايە ئېيتىلىدىغان سۆزلەرنى شۇنداق دەيدۇ.

(ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ توم 66 ـ بەت.)

«يازغۇچى»: ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ۋە قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا ماڭىدىغان ئادەم.

«ئارقۇچى»، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ۋە قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا بېرىپ كېلىدىغان ئادەم.

«ئاركوچى»: ۋاستىچى، توي پائالىيىتىدە قىز تەرەپ بىلەن ئوغۇل تەرەپ ئارىسىدا يۈرىدىغان ئادەم. (ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 191 ـ بەت.)

يۇقىرىقى سۆزلەر هازىرقى ئۇيغۇر تىلىمىزدا تېپىشتۇرغۇچى، كۆرگۈچى، ئەلچى، ئەلبىر دېگەن گەپلەرگە ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلگەن. ئەينى زاماندا ئۆتكەن ئاتا ـ بوۋىلار ئەلچى مەنىسىدە ئىشلەتكەنچىكە ئاتالغۇلار ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تاشلىۋېتىلگەن. ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنى ئىپادىلەيدىغان «تونگور» (دونور) بىلەن كۆرگۈچى، ئەلبىر دېگەندەك سۆزلەرنى قوللانغان.

### دەسلەپكى چاي

قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى «ماقۇل» دېگەن جاۋابنى بەرگەندىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ ئائىلىسى قىزنىڭ ئائىلىسىگە «دەسلەپكى چاي»نى ئېلىپ بارىدۇ.

دەسلەپكى چاينىڭ مەقسىتى: بىر قىز بېقىپ چوڭ قىلىپ رەسىدە قىلغاندىن كېيىن كېلىنلىككە بېرىشكە ۋەدە ـ رىزا بولغانلىقىغا «رەھمەت» ئېيتىپ، توينىڭ بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشى، خۇشال ـ خۇراملىق ئىلكىدە ئۆتۈشى، ئىشلارنىڭ ئاسايىشلىق بىلەن ئۆتۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈشكە ئاسانلىق تۇغدۇرۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. دەسلەپتە ئوغۇل تەرەپتىن بارغان يۇرت كاتتىلىرى، ئاقساقاللار يىگىتنىڭ دادىسى رەھمەت ـ تەزىمىنى قىلغاندىن كېيىن ئوغۇلنىڭ ئانىسى ۋە باشلاپ بارغان تۆشەك بېشى مومايلار «رەھمەت ـ تەزىم»نىڭ سوۋغا ـ سالام، پۇل ـ پۇچەك قاتارلىقلارنى چوڭ لېگەنگە ئېلىپ، قۇدىلارغا بىر نەچچە ئېغىز كۆڭۈل سۆزىنى ئىزهار قىلىپ تەڭلەيدۇ، دەسلەپكى چاي سورۇنىنى خۇشاللىق قاپلايدۇ.

### قىزغا ھەم ئاتا ـ ئانىسىغا تويلۇق ئېلىش ئادەتلىرى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ توي مۇراسىملىرىدا تويلۇق سوۋغات ئاساسەن قىز ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە قىزغا، ئاتا ـ ئانىسى ھەم شۇ قىزنىڭ ئاچا ـ سىڭىل، ئاكا ـ ئىنى، يېقىن تاغا ـ ھاما ئاچىلىرىغا تويلۇق سوۋغات ئېلىش ئادەتلىرى بار. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، جەمەتلىرى ئۈچۈن قىلىنىدىغان سوۋغىلار توينىڭ ئالدىدىكى چوڭ ـ كىچىك چايلاردا ياكى تويدىن كېيىنكى چىللاق، يەنى قىچقىرىق پائالىيەتلىرىدە بېرىلىدۇ. يەنە يىگىت ئۈچۈن سوۋغات بېرىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار، ئوغۇل ئۈچۈن بېرىلىدىغان تويلۇق قىزنىڭ تويلۇقىدەك كۆپ ئەمەس.

### كۈيئوغۇل بولىدىغان يىگىتكە بېرىلىدىغان سوۋغات

قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولغۇسى كۈيئوغۇلغا 2000 ـ يىللاردىن بۇرۇن پۈتنىغا بەتىنكە، شىم ـ بۇرۇلكا ياكى پەلتو، بىرەر قول سائىتى ئالاتتى، ھازىرقى كۈندە كىشىلەرنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ كۈيئوغۇلغا داڭلىق شىم ـ بۇرۇلكا، ئاياغ كىيىم، موتوسىكلىت، كىر ئالغۇ، توڭلاتقۇ، تېلېۋىزور، داڭلىق گىلەم، ئۆي سايمانلىرى، ھەتتا ماشىنا ئالىدىغان بولدى، بىر ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بېرىدىغان ئادەتلەرمۇ بار.



## قىزنىڭ تويلۇقى

يىگىتنىڭ قىزغا تويلۇق ئېلىش ئادىتى قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن بىزگە قالغان ئۆرپ - ئادەت. يىگىت تويلاشماقچى بولغان قىزغا ئوبدان تويلۇق ئالىدۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغىمۇ ئالاھىدە سوۋغات تەييارلايدۇ. قىزنىڭ قېرىنداشلىرى، تاغىلىرى، هامىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئوغۇل - قىز ۋە كېلىنلىرىگە ئوخشاشمىغان هالدا سوۋغات ئېلىنىدۇ. يەنە تويدا كېتىدىغان ياغ - گۈرۈچ، گۆش، تۇز، ئوتۇن... قاتارلىق توي «ئاش سۈيى» بېرىلىدۇ. يىگىت قىزنىڭ ھەم ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىززەت - هۆرمىتىنى قىلىش ئۈچۈن، شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىدە ئېقىۋاتقان ياخشى نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تويلار بۆگۈنكى كۈندە ئاساسەن پۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. پۇل ئەڭ قولايلىق ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى. قىز - يىگىتلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنە، مەھەللە - كويلاردىن كەلگەن مېھمانلار كۆڭلىنى پۇل بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەريي قەلىمگە ئالغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، كېلىن قىز يىگىتنىڭ ئائىلىسىگە كۆچۈرۈلگەندە، ئۇنىڭغا ئاتاپ ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان نەرسە - كېرەكلەر بىللە ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇنى «سەپ» دەپ قەلەمگە ئالغان.

«سەپ»: سەپ — كېلىن بولغۇچى قىز ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆي - جاھازا ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر («دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 418 - بەت).

بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەريي قىز مېلىنىڭ تەييارلىنىشى ھەققىدە بىزگە ياخشى ئادەتلەردىن بىرنى، يەنى يىگىت ئۆيىگە كۆچۈرۈلىدىغان كېلىننىڭ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلىرى كىيىم - كېچەك ۋە تۈرلۈك مال - مۈلۈك جابدۇپ، كېلىننىڭ قىز مېلىغا ياردەم قىلىدىغان ئۆرپ - ئادەتنى مەلۇم قىلغان. ئەينى زاماننىڭ قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن بىر ماقالنى مىسال قىلغان.

«يوپۇشلۇق كېلىن كوزەگو ياپاش بولۇر، تاپتۇقلاندغان كېلىن ياۋاش كويەۋ ناپار» (ئوز يېقىنلىرى بەرگەن سوۋغات بىلەن ئىززەت - هۆرمەت تاپقان كېلىنچەك خۇشخۇي، ئېغىر - بېسىق كويەۋگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مالدار كېلىننى تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا هۆرمەت بىلدۈرىدۇ) دېيىلگەن (ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم، 13 - بەت.)

## ئوغۇل تويلۇقى

«نىكاھ ئائىلىدىكى هوقۇقنىڭ يۆتكىلىشى، قىزغا بولغان ئىگىدارچىلىق. بۇ خىل هوقۇق مال - دۇنياغا ئىگە بولۇش، جىنسىيەت جەھەتتىكى هوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»، شۇڭا ئۇيغۇرلاردا قىزنىڭ ياتلىق قىلىنىپ كېتىشى قىزنىڭ ھەر خىل هوقۇقىنىڭ يەنە بىر ئائىلىگە يۆتكەلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ توي مۇراسىم پائالىيەتلىرى ئوخشاش بولمىغان شەكىل، ئوخشاش بولمىغان خاراكتېر، مەنىلەرگە ئىگە.

شىنجاڭنىڭ يېزا - قىشلاق، شەھەرلىرىدە ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش تۇتىدۇ. قىز خەلقنىڭ هۆرمىتىگە سازاۋەر، ئۆز قەدرىنى بىلىدىغان ياخشى كىشىگە ياتلىق قىلىنسا، يۇقىرى باھالىق نەرسىلەر ئوغۇل تويلۇقىغا تەييارلىنىدۇ. قىز تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئوغۇلنىڭ توي مۇراسىمىدا يوتقان - كۆرپە، يۇڭ ئەدىيال، پەي ياستۇق، خەنجەر، قىزنىڭ تۇغۇت ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك قىممەت باھالىق بۇيۇم، ئالتۇن، تىللا، يامبۇ، پۇل - پۇچەك، زىلچا، پۇلغا يارايدىغان قاشتېشى قاتارلىق نەرسىلەر قېتىپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل ئۆرپ - ئادەت، رەسمىيەتلەر قەدىمكى تارىخىي ماتېرىياللارغا يېزىلغان. بۇ ھەقتىكى ئۆرپ - ئادەتنىڭ قەدىمىيلىكىنى «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»تىكى باياندىن بىلىمىز. «دىۋان»دا «يوفوش» دېگەن سۆزگە مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن:

«يوفوش» يېقىن كىشىلەرگە مال - مۈلۈك ۋە قىممەت باھالىق كىيىم - كېچەك بىلەن ياردەم بېرىش، بۇ پائالىيەتتە كېلىن يۆتكەلگەندە ياكى كېلىننى ئۇزىتىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ يېقىن ئاداشلىرى كېلىننىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن چۈشكەن سوۋغىلارنى قېتىپ بېرىدۇ.

## توي

توي ئەر - ئايالدىن ئىبارەت ئىككى جىنس ئارىلىقىدا شەكىللەنگەن مۇراسىم، ئەر - ئايال ئېتىراپ قىلغان بەلگىلىك

هوقۇق، مەجبۇرىيەتكە ئىگە ئەر - خوتۇنلۇق ئائىلە شەكلىدۇر. توي ھەر بىر تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان شەكىلگە ئىگە. توي جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھەر بىر يۇرت — ناھىيە، ۋىلايەت، شەھەرلەرنىڭ توي مۇراسىم ئۆتكۈزۈش شەكلى ئوخشاش ئەمەس.

قەدىمكى ماتېرىياللاردىكى تارىخى ۋە ئىبنۇل جەۋزىنىڭ يازمىلىرىغا قارىغاندا، ئۇلۇغ سالجۇقلار دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى توغرول بەي خەلىپىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەندە ئۆتكۈزۈلگەن تويدا توغرول بەي ۋە باشقا چوڭلار خۇشاللىقتىن ئۇسسۇل ئويناشقان. («ئەل مۇنتازام» 8-كىتاب، 229-بەت.)

قەدىمكى زاماندا ئاتا-بوۋىلىرىمىز «توي» دېگەن ئۇقۇمنى «توكون» دەپ ئاتاپ كەلگەن. («دىۋان» 1-توم، 520-بەت.)

توي مۇناسىۋىتى بىلەن كېلىنلەر ئۈچۈن مەخسۇس سارايلار تەييارلانغان. ئۆي-سارايلار مەخسۇس يىپەك رەختلەر بىلەن بېزەلگەن. ئۇ ئۆينى «مۇندەرو» دەپ ئاتىغان. («دىۋان» 1-توم، 685-بەت.)

مەھمۇد كاشغەرىي توي زىياپەتلىرى ھەققىدە «كەنچ ليو» دەپ ئاتىلىدىغان ۋە خاقانلارنىڭ تويلىرىدا سېلىنىدىغان بىر خىل داستىخان ھەققىدە ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ يازىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تەسۋىرلىشىچە، «كەنچ ليو» خاقانلارنىڭ تويلىرىدا ۋە بايراملىرىدا مۇنارغا ئوخشاش 30 - 40 گەز ئېگىزلىكتە راسلانغان تاماقلار بولۇپ، ئۇ بۇلاپ - تالاپ يېيىلگەن. («دىۋان» 3 - توم، 590 - بەت.)

تويىنىڭ ئۆزگەرگەن بىر خىل شەكلى تەسۋىرلەنگەن. توي زىياپەتلىرىگە ۋە توي مۇراسىملىرىغا ئادەم چاقىرىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىدا «ئوقۇماق» دەپ ئاتىلىدىغان باغاق تارقىتىلىدۇ. («دىۋان» 3-توم، 348-بەت.)

ئۇنىڭدىن باشقا، چوڭلار (بايلار، بەگلەر) ئۆزىنىڭ تويى، قىز-ئوغۇللىرىنىڭ تويى بولغاندا چاقىرغان كىشىلەرگە يىپەك رەخت ھەدىيە قىلغان، ئۇنى «بىجىش» دەپ ئاتىغان. («دىۋان» 1-توم، 475-بەت.)

«دىۋان»دا «كەزوت» سۆزىگە مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن.

«كەزوت»: كىيىت، كۆپىنچە تويدا ئىشلىتىلىدىغان كىيىم-كېچەك، يەنى كۈيئوغۇلنىڭ ۋە كېلىننىڭ يېقىنلىرىغا سوۋغا قىلىپ كىيدۈرۈلىدىغان كىيىم-كېچەك. كەزوت بەردى-كىيىت قويدى دېيىلىدۇ. (ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 463-بەت.)

يۇقىرىقى بايانلاردىن ئۇيغۇرلاردا قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەر قىز تويى قىلىپ ئوغۇل تەرەپنىڭ ئائىلىسىگە يۆتكىلىدىغان چاغدا، مەلۇم مىقداردا مال-دۇنيا سوۋغات بېرىدىغانلىقى ۋە يىگىت تەرەپنىڭمۇ سوۋغات قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە يېزا-قىشلاقلاردا قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى قىزنىڭ تويى بولغان كۈنى ئوغۇل تەرەپ ئۈچۈن ھەر بىر كۆرپىنىڭ ئېغىرلىقى 10-12 كىلولۇق پاختا بىلەن پۈتكەن يوتقان-كۆرپە، توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ، تېلېۋىزور، موتسىكلىت، كىچىك ماشىنا، سافا، خىرۇستال بۇيۇملارنى ئاپىرىپ ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرىدىغان يېڭىچە ئادەتلەرمۇ بار بولدى.

## نىكاھ پاتىھەسى

توي تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ھازىر قىز بىلەن يىگىت تويغا پۈتۈشكەندىن كېيىن، توي خېتى بېرىدىغان ئورۇنغا كىرىپ سالامەتلىك تەكشۈرۈپ توي خېتى ئالىدۇ، نىكاھ ئوقۇلىدىغان چاغدا توي خېتىنى جامائەتكە ۋە نىكاھ قىلغۇچىغا كۆرسىتىپ، ھەر خىل ئادەت چايلىرىنى قويۇپ نىكاھلىنىپ، يىگىت بىلەن قىز جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان ئەر-خوتۇنغا ئايلىنىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەنتەنە قىلىش كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىم توي مۇراسىمىدۇر.

توي نىكاھى «ئۆمۈرلۈك سودىسى» ئەڭ ئۇلۇغ ئىش بولغاچقا، «نىكاھ پاتىھەسى» ئوقۇلىدۇ. نىكاھ پاتىھەسى ئوقۇلمىسا، ئىككى جىنسنىڭ بىر ئۆيگە كىرىشى، «ھارام-قانۇنسىزلىق» دەپ قارىلىپ، مەڭگۈ ئېتىراپ

قىلىنمايدۇ. سەۋەبى «گۇۋاھلىق بېرىش» ۋە «گۇۋاھلىق-
تىن ئۆتكۈزۈش»تىن ئىبارەت.

«پاتىھە» قىلغۇچى شەرىئەت (ئىسلام قانۇنى) بويى-
چە مۇشۇ توينىڭ «ھالال-قانۇنلۇق» ئىكەنلىكىگە ئاللا
تائالانىڭ نامى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. توي قاتناشچىلى-
رى گۇۋاھلىقنىڭ ھەقىقىي-راست ئىكەنلىكىگە بىر ئېغىز-
دىن ئاۋاز قوشىدۇ. «نىكاھ پاتىھەسى»گە تۆتتىن-ئالتىگى-
چە كىشى قاتنىشىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتسىمۇ، «نىكاھ قانۇنى-
لۇق» بولىۋېرىدۇ.

X X نىڭ تويلۇقى 30 مىڭ يۈەن دېيىلگەن بولسا
پاتىھە ئوقۇغۇچى موللام 30 مىڭ يۈەننىڭ مەلۇم قىسمىنى
چىقىرىۋېتىپ، قالغان پۇلنى X X يۈەن «تويلۇق بېرىل-
دى» دەپ سورۇن ئەھلىگە جاكارلايدۇ. قىزدىن «ئۇشبۇ
ھەقلەرگە رازى ۋە رەئىفسپ بولۇپ، بەنىيەتى پەرزەنتى
ئۈچۈن ئۆزلىرىنى X X نىڭ ئوغلى X X گە ئىككى
دۇنيالىق ھالال جۈپلۈك خاتۇن بولۇشنى قوبۇل قىلدى-
مۇ؟» دەپ سورايدۇ. سەۋەبى، قىز يات ئائىلىگە «بالا»
بولۇپ كەلگۈچى، قىز ئۆز ئاغزى بىلەن رازىلىق بەرمى-
سە، نىكاھ دۇرۇس بولمايدۇ. قىز «قوبۇل قىلدىم»
دەيدۇ. ئەگەردە «تەگمەيمەن» دەپ تاشلىسا، پاتىھە ئو-
قۇغۇچى ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا،
تويىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئەھلى جامائەتكە جاكارلاۋېرىدۇ،
بۇ ئەھۋالدىن نىكاھ ئەركىنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

نىكاھ پاتىھەسى ئوقۇغاندا، قىز سورۇنغا ئەكىرىلمەي-
دۇ. قىزنىڭ ئانىسى ۋە قولدىشى قېرىنداشلىرىنىڭ ھەم-
راھلىقىدا پاتىھە قىلغۇچىنىڭ ئاغزىدىن چىققىنىنى سۆزمۇ
سۆز ئاڭلىغۇدەك يەردە تۇرىدۇ. «ۋەكىل» ئۇنىڭ
«قوبۇل قىلدىم» دېگەن جاۋابىنى يېقىن ئەتراپتىكى كىشى-
لەرگە ئاڭلىتىدۇ.

يىگىتتىن «بەنىيەتى پەرزەنتى ئۈچۈن X X نىڭ قى-
زىنى X Xنى ئەقد نىكاھلىرىغا ئالدىڭمۇ؟» دەپ سورى-
غاندا «ئالدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ «پاتىھە» مۇقەد-
دەستۇر. پاتىھە ئاياغلاشقاندا ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان
نانىنى ئېغىزغا بىر سالغۇدەك ئۇشتۇپ شاكراپقا چىلاپ،
بىرنى قىزنىڭ، بىرنى يىگىتنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويىدۇ، بۇ
ئاۋۋال تۇنجى قېتىم «بىر ناننى تەڭ يېگەنلىك» بولۇپ،
«رىزقى قوشۇلغان»لىق، كەلگۈ جامائەتنىڭ ئالدىدا ھالال،
قانۇنلۇق ئەر-خوتۇن بولۇشقا قەسەم ئىچكەنلىك بولى-
دۇ.

ئاتا-بوۋىلىرىمىز ناننى قانداق ئۇلۇغلىسا، تۇزنىمۇ
شۇنداق ئۇلۇغلىغاندى، تۇز بىلەن قىلىنغان قەسەم ئەڭ
چوڭ قەسەم ھېسابلانغان.

نىكاھ پاتىھەسىنىڭ ئاخىرىدا قىز-يىگىتلەرنىڭ شاكى-
راپقا چىلانغان ناننى يېيىشى شۇنچە چوڭ قەسەم ھېسابلى-
نىدۇ. قىزنىڭ «قوبۇل قىلدىم» دېگىنى بېرىلگەن تويلۇققا
رازى بولۇپ، ئۆزىنى شۇ يىگىتنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغان-
لىقى.

يىگىتنىڭ «ئالدىم» دېگىنى مۇنچىلىك پۇلغا سېتىۋال-
دىم دېگەنلىك بولماستىن، «ئاشۇ قىزغا مەڭگۈ ھالال
جۈپ بولۇپ ھەر بىر جەھەتتىن ئۇنىڭغا ئىگە بولىمەن»
دېگەنلىك. ئېغىر «يۈك»نى زىممىسىگە ئېلىش ھەققىدە
كۆپچىلىك ئالدىدا بەرگەن قەسىمى ھېسابلىنىدۇ.

## قىز كۆچۈرۈش

ئوغۇل تەرەپ ۋە كۆچۈرگۈچىلەر نەغمە-ناۋا بىلەن
قىزنى يېتىلەپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىدۇ. قىز ئۇن
سېلىپ يىغلاپ دادىسى-ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئانىسى
بىلەن خوشلىشىدۇ. قىزنىڭ دادىسى، تاغىسى قاتارلىق ئاتا
ئورنىدىكى يېقىن تۇغقانلىرى، قىبلە تەرەپكە قاراپ ئىككى
قولنى كۆتۈرۈپ قىزنىڭ ئامان-ئېسەنلىكى، بەخت-سائا-
دەتلىك ئۆتۈشى ھەققىدە دۇئا قىلىپ، ئالدىن تەييارلاپ
قويغان بىر خۇن توققۇز ناننى داستىخانغا چىگىپ بېشىدىن
ئۆرۈپ، رازى-رىزالىق بىلەن يولغا سالىدۇ. قىز ئىشىك
ئالدىغا سېلىقلىق پايانداز دەسسەپ، باش-كۆزىنى
چۈمكىۋالغان پۈركۈنچە بىلەن يىگىتنىڭ ئۆيىگە كىرىدۇ.
بىر ئازدىن كېيىن يىگىتنىڭ ئانىسى قىزنىڭ پۈركۈنجىسىنى
ئېلىۋېتىپ، كېلىنگە ئاتاپ ساقلاپ قويغان ئېسىل باش
ياغلىقنى ساندۇقتىن ئېلىپ قىزنىڭ بېشىغا سېلىپ، قىزنىڭ
پېشانىسىگە سۆيۈپ قويىدۇ. قىزنى كۆچۈرۈش جەريانىدا
يول توسقۇچىلار بولىدۇ. بۇلارغا پۇل ياكى بىر-ئىككى
مېتىر ئەن رەخت بېرىلگەندىن كېيىن يول قويۇپ بېرىلى-
دۇ. قىز كۆچۈرۈش ئوخشاش بولمايدۇ. قىزنى كۆچۈرۈپ
كېتىۋاتقان چاغدا يىگىتنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، يېقىن ئەل
-ئاغىنىلىرى ئۇشتۇمتۇتلا ھارۋىدىن ياكى پىكاپتىن
سەكرەپ چۈشۈپ، قىز-يىگىت بىر جۈپلەرنىڭ ئۇسسۇل



ئويناپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. ئانىسى ئۆز يولىغا راۋان بولىدۇ. (بەزى يەرلەردە قارارگاھقا بېرىپ يىگىتنىڭ مەھەللىسىگە ئوت قالاپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، قىزنى كۆتۈرۈپ، كۆيۈۋاتقان ئوت ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ ئۆيگە ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇ «زەردوشت» دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ئوتتىن مەدەت تىلەيدۇ. بۇ ئايرىم ھادىسە)، قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەندە يىگىتنىڭ يېقىنلىرى ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋالىدۇ. بۇ پەيتتە قىزغا ھەمراھ بولۇپ كەلگۈچىلەر بىرەر كۆڭلەك ياكى بىر - ئىككى مېتىر ئەن رەخت بەرگەندىن كېيىن ئىشىكنى ئېچىۋېتىدۇ.

مەھمۇد كاشغەري 11 - ئەسىرلەردە چاچقۇ چېچىش ئادەتلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

«موندورى» كۆيۈئوغۇل بىلەن كېلىننىڭ باشلىرىدىن چاچقۇ چېچىلىدىغان كىچىك بەزمە. («دىۋان» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 641 - بەت.)

«سچىلدى»: چېچىلدى، يارماق چېچىلدى، ھەرقانداق نەرسە چېچىلسا، شۇنداق دېيىلىدۇ. («دىۋان» ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 - توم، 169 - بەت.

**پەتە ئوقۇش**

توينىڭ ئەتىسى يىگىت قولدىشى بىلەن قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە پەتىھەگە كىرىدۇ. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئالدىن تەييارلاپ قويغان، ھەر خىل نېمەتلەر يۆگەلگەن داستىخاننى كەڭ ئېچىپ سېلىپ، كۈيۈئوغۇلغا چاي قۇيىدۇ. تەييارلاپ قويۇلغان كىيىم-كېچەك ياكى ئەن رەختلەرنى مېھمانلارغا قويىدۇ. شۇ قاتاردا يىگىت قولدىشىمۇ ئۆز لايىقىدا ئەن رەخت (ياكى باشقا سوۋغا) قويۇلىدۇ.

شۇ كۈنى يېڭى كېلىنچەك قولدىشى بىلەن قېيىنئاتا، قېيىنانىسى ئالدىغا سالامغا كىرىپ، مېھمانلار بىللە مېھمان قىلىنىدۇ. قىزنىڭ قولدىشىغا ئوبدان بىر نەرسە قويۇلىدۇ، سالامغا كىرگەن كۈنى قىز تەرەپ كۈيۈئوغۇل تەرەپكە «ناشتىلىق» ئەكىلىدۇ. ناشتىلىق ئۈچۈن تونۇر كاۋاپ، قىرغاۋۇل كاۋىپى، جىگەر كاۋاپ، بۆرەك كاۋاپ، پىششىق گۆش، پىتىر مانتا قاتارلىق ئېسىل مەززەلەرنى داستىخانغا يۆگەپ خۇش تەبەسسۇم بىلەن قۇدىغا سۇنىدۇ.

ئاپىرىلغان يېمەكلىكلەرگە قىزنىڭ ئاچا-سىڭىل قېرىنداشلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، يېقىن قولۇم-قوشنىلىرى چاقىرىلىدۇ. ئەكىرىلگەن «ناشتىلىق» غىزاغا يىگىت-قىزنىڭ ۋە يىگىتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئېغىز تېگىدۇ. «ناشتىلىق» ئەكەلگۈچىلەر قانچە كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر بىرىنىڭ ئالدىغا ئوبدان ئەن رەخت قويۇلىدۇ. «ناشتىلىق» يۆگەپ كىرگەن داستىخانغا ياخشىراق رەخت يۆگىلىدۇ، پەتىگە كىرگەنلەرنى ئالاھىدە قاتناش ۋاسىتىلىرى بىلەن چىرايلىق ئۇزىتىپ قويىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى توي ئادەتلىرى ناھايىتى گۈزەللىككە، مەدەنىيلىككە تويۇنغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ داۋاملاشتۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پېنسىيونېرى)



# كىلىياڭ نامى ھەققىدە ئىزدىنىش

**توخسۇن ھۆسسىين ئەلقۇت**

كىلىياڭ ـــ گۇما ناھىيەسىنىڭ قارا قۇرۇم تاغ ئېتىكـ
نىڭ شىمالىي يان باغرىدىكى جىلغىلىق بەلباغقا جايلاشقان
قەدىمىي بوستانلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يۇرتنىڭ دېڭىز
يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1400~2500 مېتىر ئەتراپىدا، يەر
شەكلى جەنۇبتىن شىمالغا تەدرىجىي پەسىيىپ بارىدۇ. ھاۋا
كىلىماتى نىسبەتەن سوغۇق، ھۆل ـ يېغىن كۆپ، بىر قەدەر
ياخشى تەبىئىي ئوتلاق بولۇپ، ھاۋاسى ساپ، بۇغداي،
قوناق، پۇرچاق، مايلىق دانلى ئاساس قىلغان دېھقانچىـ
لىق؛ كېچە ـ كۈندۈز تېمپېراتۇرا پەرقىنىڭ چوڭ بولۇشى
سەۋەبلىك ئۆرۈك، ئالما، ياڭاقنى ئاساس قىلغان باغۋەنـ
چىلىك ۋە چارۋىچىلىققا باب كېلىدىغان[1]، تارىختىن
بۇيان ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مەدەنىيەت، سودا ـ سېتىق ئو ـ
چىقى بولۇپ كەلگەن، خوتەن خەلق مەشرەپلىرىنىڭ تۆت
چوڭ تۈرىنىڭ بىرى بولغان «كىلىياڭ مەشرىپى»نى ئۆز
تۇپرىقىدا ئوغۇزلاندۇرۇشتىن باشقا، بۇ يۇرتتا ياشاپ
ئۆتكەن شائىر قاسىمى، ئالىم ھۈسەيىنخان تەجەللى،
ھاپىز ئاخۇنۇم، قۇربان ئاخۇن چوڭ، تۇردى مۇھەممەد
كېرىم كىلىياگى ... قاتارلىق ئالىم، يازغۇچى، شائىر ۋە

سەنئەت پېشۋالىرىنى يېتىشتۈرگەن ۋە ئۆز قۇچىقىدىن ئورۇن بەرگەن قەدىمىي مەدەنىيەتلىك يۇرت.

كىلىياڭنىڭ قاچاندىن باشلاپ يۇرت بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى توغرىسىدا قولىمىزدا قايىل قىلارلىق پاكىت بولمىسىمۇ، لېكىن ئەل ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن بىر قىسىم رىۋايەتلەر ۋە يازما مەنبەلەردە غىل-پال ئۇچراپ قالىدىغان «كىلىياڭ» ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىزنى بۇ ھەقتە يۈزەكى بولسىمۇ چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.

بىر قىسىم يازما مەنبەلەردە «كىلىياڭ خارابە ئىزى» دەپ ئاتالغان بىر خارابىلىكتىن تېپىلغان ھاياتلىق ئىزناسى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقىغا ئائىت ئۇچۇرلاردىن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە تەئەللۇق جانلىقلارنىڭ قالدۇقلىرى، كۈل، ئوتۇن-كۆمۈر پارچىلىرى، كۆيۈپ كەتكەن سۆڭەك پارچىسى، يىرىك ساپال پارچىلىرى (سۆڭەك پارچىلىرى، تاش پارچىلىرىدا جىجاپ ئويۇلغان ئىزلار بار) بولۇپ، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئىزلىرىنىڭ يوق②لۇقى قەيت قىلىنغان، بۇنىڭغا ئاساسەن كىلىياڭنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخىنى ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ بۇنىڭدىن 4000-6000 يىللار ئىلگىرىگە سۈرۈشكە بولىدۇ.

يازما مەنبەلەردە ئۇچرايدىغان 2-پاكىت — بۇ يۇرتنىڭ ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چېگراسى ھەققىدىكى مەلۇمات بولۇپ، يۇرتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى جەنۇبىي چېگراسى ھازىرقى كەشمىرنىڭ لاداخ دېگەن يېرىگە، غەربىي قىسمى قارا قۇرۇم تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگىچە تۇتىشاتتى③، يىپەك يولى بۇ جاي ئارقىلىق ھىندىستانغا تۇتاشتۇرۇلغانلىقتىن، تارىختا غەربىي يۇرت بىلەن ھىندىستان ۋە باشقا قوشنا رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولغان④.

مويسىپىتلار كىلىياڭ ھەققىدە يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىشىدۇ: يىراق تارىختا — يەنى شىنجاڭدا موڭغۇللار ھاكىمىيىتى باشلانغاندىن كېيىن مىلادىيە 1210-يىللىرى ئەتراپىدا كىلىياڭغىمۇ بىر قىسىم قالماق (قەدىمكى موڭغۇللار) لار كېلىپ ئورۇنلاشقان ھەم ئاق كىگىز ئۆيلەرنى تىكىپ ئولتۇراقلاشقان، ئەرلەر چارۋىچىلىق بىلەن، ئاياللار چاق، چىلەك (يىپ ئېگىرىش ئەسۋابى) ئېگىرىش، ئارىلاپ دېھقانچىلىق (يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرىدە) بىلەن شۇغۇللانغان. 1260-يىللىرى چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسلىرىدىن ئوكتايخان، مۇنكخانلار چېچىلىپ كەتكەن موڭغۇل پۇقرالىرىنى ئۆز ئىمپېرىيەسىنىڭ تۇغى ئاستىغا توپلىنىشنى چاقىرىق قىلغاندا كىلىياڭدا ياشاۋاتقان موڭغۇللاردىن بىر قىسمى كىلىياڭدىن ئايرىلغان. كۆچۈشتىن باش تارتقان يەنە بىر قىسىم موڭغۇللار داۋاملىق كىلىياڭدا قېلىپ، يەرلىك ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ كەتكەن (قېپقالغان موڭغۇللارنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە كىلىياڭدا ھېلىھەم «قالماق» لەقەملىك بىر قىسىم ئائىلە بار).

ئەجدادلىرىمىز يەر نامى قىلىپ قوللانغان قەشقەر، خوتەن، بويناق (كىلىياڭدىكى جاي نامى بولۇپ، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 3-توم 241-بەتتە تاغنىڭ بېلى «جاي ئىسمى» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن) ... قاتارلىق نۇرغۇن يۇرت ناملىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە تىلغا ئېلىنىش بىلەن بىللە تىل تەركىبى ۋە مەنىسى ھەققىدە ئېنىق ئىزاھات بېرىلگەن، يەنە بىر قىسىم يۇرت ناملىرى ھەققىدە مەيلى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىن بولسۇن، مەيلى باشقا مەنبەلەردىن بولسۇن ئېنىق بىر ئىسپاتقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بۇ خىلدىكى يەر ناملىرىنى ئېنىقلاشتا، يەنىلا ئۇ مەيلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر نامى بولسۇن ۋە مەيلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر نامى بولسۇن، يەر ناملىرىنىڭ شۇ جاينىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي ۋە جۇغراپىيەۋى ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشتىن ئىبارەت ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەمدى بىز توختالماقچى بولغان «كىلىياڭ» دېگەن يەر نامىغا كەلسەك، «كىلىياڭ» دېگەن بۇ نامنىڭ تىل تەركىبى ۋە كونكرېت مەنىسى ھەققىدە ئەل ئىچىدىكى رىۋايەتلەردىن باشقا، يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار كونكرېت تەتقىقات ئېلىپ باردى. تۆۋەندە مەن مۇشۇ رىۋايەت ۋە تەتقىقاتلار ئاساسىدا «كىلىياڭ» دېگەن يەر نامى ھەققىدىكى ئۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

**1. كىلىياڭ — «گىلرەڭ» دېگەن ئاتالغۇدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش**

كىلىياڭدا قىزىلتاغ دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بولۇپ، قىزىلتاغ كىلىياڭ زېمىنىنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. قىزىلتاغدىن گەج، سۇرمە... قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلاردىن سىرت، گىلرەڭلىك سېغىز ئەڭ كۆپ چىقىدۇ. قىزىلتاغنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى گىلرەڭدە بولۇپ، قىزىلتاغ دېگەن بۇ ئىسىم ئەنە شۇ تاغ گەۋدىسىنىڭ گىلرەڭلىكىگە قارىتا قويۇلغان.

كىلىياڭ دېگەن يەر نامى ھەققىدە كىلىياڭلىقلار كىلىياڭنى مانا مۇشۇ قىزىلتاغ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان

گىلرەگگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشىدۇ. كىلياگدا ئېغىز تىلى جەھەتتە خوتەن دىئالېكتى، بولۇپمۇ گۇما شېۋىسىدىكى ئومۇمي كەيپىيات يەنى «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ياكى «ي» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىشى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، «گىلرەڭ»نى ئادەتتە «گىلىيەڭ» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. كىلياگلىق مويسىپىتلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئەنە شۇ «گىلياڭ» تەلەپپۇز قىلىشقا قولايلىق بولۇش... قاتارلىق تۈرلۈك تەبىئي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلى، كۆپ يىللىق بوران- چاپقۇننى بېشىدىن كەچۈرۈش نەتىجىسىدە «گ» تاۋۇشى «ك» تاۋۇشىغا، «ر» تاۋۇشى «ي» تاۋۇشىغا، «ئە» تاۋۇشى «ئا» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

بۇ يۇرتنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان گىلرەگلىك تاغ — قىزىلتاغ (يەرلىكلەر جاي قىر دەپ ئاتايدۇ) نىڭ گىلرەگدە بولۇشى بىلەن «كىلياڭ» دېگەن يەر نامى بارلىققا كەلگەن دېگەن قاراش تازا ئەقىلگە سىغمايدۇ، چۈنكى كىلياڭ زېمىنىنىڭ تۆپىرىقى قۇمساگغۇ بولۇپ، قىزىلتاغدىن باشقا يۇرت دائىرىسى ئىچىدە قىزىل تۇپىدىن ئىزنا يوق. بۇ، بىزنىڭ «گىلرەڭ»نىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن «كىلياڭ» دېگەن يەر نامى شەكىللەنگەن دېگەن قاراشنى نەزەردىن ساقىت قىلىشىمىزغا يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ.

2. «كىلياڭ» دېگەن يەر نامى «كەل- يان»دىن ئۆزگەرگەن دېگەن قاراش

يەنە بىر قىسىم مويسىپىتلار كىلياڭ دېگەن يەر نامى ھەققىدە گەپنى يەنىلا كىلياگنىڭ قەدىمدە سودا - سېتىق مەركىزى بولغانلىقىغا باغلاپ ئىزاھلىشىدۇ. كىلياڭ ئەسلىدە «كەل - يان» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىكەن، چۈنكى ھازىرغىچە ئورۇن نامى بولۇپ كېلىۋاتقان دۆتاپ⑤تا — كىلياگدىكى ئەڭ بۇرۇنقى بازار بولۇپ، كارۋان ۋە سودا - سېتىقچىلار ئۇ تەرىپى ھىندىستان، پاكىستان، كەشمىر.... تەرەپلەردىن؛ بۇ تەرىپى قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، خوتەن تەرەپلەردىن ئۇزاق يول يۈرۈپ كىلياگغا چۈشكۈن قىلغاندىن كېيىن، دۆتاپتىكى بازاردا سودا - سېتىقنى تۈگىتىپ، شۇ جاينىڭ ئۆزىدىنلا قايتىپ كېتىشىدىكەن. دېمەك ئۇزاق يول يۈرۈپ، ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن كارۋان، سودىگەرلەر سودا - سېتىقنى پۈتتۈرۈپ، كىلياڭ زېمىنىدىن چىقمايلا ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىدىغانلىقتىن، بۇ يۇرتنىڭ نامى «كەل - يان» دەپ ئاتالغان ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، ھازىرقى «كىلياڭ» ھالىتىگە كەلگەن.

«كەل- يان» نىڭ «كىلياڭ»غا ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىدىن قارىغاندا، «ئا»، «ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئى»، «ئې» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشى ياكى ئاجىزلىشىشى مۇقەررەر بولىسىمۇ، لېكىن «ن» تاۋۇشىنىڭ «ڭ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشى ئاساسەن يېزىق تىلىدا ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال بولۇپ، [«ئۈدۈن رايونىغا ئائىت تۆبۈتچە ۋەسىقىلەر»نىڭ «ئۈدۈن رايونى ۋە شەھەر، بازارلار» قىسمى، (ب) دىنىي رايون كوچا رايونى» بۆلىكىدىكى مازار تاغ 0096 - نومۇرلۇق قەغەز پۈتۈكنىڭ 1 - سىدە «... ھانگۇيا ‹Hang – gu – ya›...»دىكى ئۈدۈنلۇق ۋۇندى «vun– de» دېگەن؛ 0010 - نومۇرلۇق تارشا پۈتۈكنىڭ باسما شەكىللىك بىر قۇرىدا «ھانگنيارويو « no–yo– Han–ge» دېگەن خەتلەر بار، بۇ ئىككى ۋەسىقىدىكى «ھانگويا»، «ھانگنيارويو» سۆزلىمى بۇددىزم دەۋرىدىكى ئىبادەتخانىنىڭ نامى بولۇپ، «ھاڭگىيا» (ھازىرقى لوپ ناھىيەسى ھاڭگىيا يېزىسى)دىكى «ن»نىڭ «ڭ»غا نۆۋەتلىشىشىدىن باشقا گىرامماتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىماي بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى تىلدىكى ناملارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ] ⑥. بۇنداق ئۆزگىرىشنى ئېغىز تىلىدا تېخىمۇ كۆپرەك ئۇچرىتىش مۇمكىن. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىز «كەليان»نىڭ «كىلياڭ»غا ئۆزگىرىش جەھەتتىكى مۇمكىنلىك دەرىجىسىنى كۆپرەك ئېغىز تىلىدىن ئىزدەيمىز. يەنى ئېغىز تىلىدا «كەل- يان» دەسلەپ «كىليان»غا، ئاندىن ئۇزاق مۇددەتلىك (ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا) ئۆزگىرىش ئارقىلىق «كىلياڭ»غا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئېغىز تىلىدا تەلەپپۇز قولايلىقى تۈپەيلى «ن» ھەرپى «ڭ» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «چالڭ- توزان»نى «چالڭ- توزاڭ»، ... تەلەپپۇز قىلغانغا ئوخشاش. مېنىڭچە، ئەگەر يۇقىرىقى ئۆزگىرىش توغرا دەپ قارالسا، «كەل- يان»نىڭ «كىلياڭ»غا ئۆزگىرىش جەريان ئىسخېمىسى مۇنداق بولۇشى كېرەك.

كەليان←كىليان←كىلياڭ.

لېكىن يۇقىرىقىلار پەقەت بىزنىڭ قىياسىمىز بولۇپ، بۇ قىياس ئۆز نۆۋىتىدە راۋۇرۇس پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، چۈنكى قىياسنى ئىلمىي پاكىتنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدۇ.

### 3. كىلىيالىق ــ «كىلىيان»دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش

پىروفېسسور ئابدۇللا سۇلايمان ئەپەندى تۈزگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابنىڭ 10 ـ قىسمى يەنى يەر ناملىرى قىسمىنىڭ 198 ـ بېتىدە: ««كىلىيالىق» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، گۇما شېۋىسىدە ‹تىل› نى ‹كىل› دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. (م: ‹مېنى تىلىلدى› دېگەننى ‹مېنى كىلىلدى› دېگەندەك). ‹يالىق›مۇ ‹يان›نىڭ بۇزۇلغان تەلەپپۇزى. بۇ يېزا ‹تىلدەك سوزۇلغان جاي›، ‹ئۆزۈنسىغا كەتكەن يەر› بولۇپ، بۇ نام كىلىيالىقنىڭ جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈشىگە ماس كېلىدۇ» دەپ يازغان.

دەرھەقىقەت، تىل ئادىتىدىكى «تىل»نى «كىل» تەلەپپۇز قىلىش گۇما شېۋىسىدىكى بىر ئالاھىدىلىك. لېكىن شۇ نەرسە ئېنىق بولۇشى كېرەككى مانا مۇشۇ «تىل ـ ھاقارەت» مەنىسىدىكى «تىل» سۆزىدىن باشقا ھېچقانداق بىر «تىل»، «كىل» تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ. مەسىلەن، «غەيۋەتخورنى ئاخىرەتتە تىلىدىن ئاسىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى «تىل» ھېچقاچانمۇ «كىل» تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ.

دېمەك، «كىلىيالىق» ــ «كىلىيان»دىن ئۆزگەرگەن دېگەن يەكۈن بىزنى قايىل قىلالمايدۇ. چۈنكى مەيلى گۇما شېۋىسىدە بولسۇن ۋە مەيلى كىلىيالىقنىڭ يەرلىك خەلق ئېغىز تىلىدا بولسۇن، پەقەت «تىل ـ ھاقارەت» مەنىسىدىكى «تىل»دىن باشقا ھېچقانداق بىر «تىل»نىڭ «كىل» تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا پاكىتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈشكە كەلسەك، «كىلىيالىق تىلغا ئوخشاش ئۇزۇنسىغا سوزۇلغان يۇرت» بولماستىن، بەلكى بەئەينى جۇۋازنىڭ ئاچىسىغا ئوخشايدۇ. يەنى دۆڭكۆل كەنتى ۋە كىلىيالىق كەنتىنىڭ بىر قىسىم زېمىنى ئاچىنىڭ گەۋدە قىسمىنى؛ يۇلغۇنجاي، ئىسپاھان، ياركېچىك، قارىمان كەنتلىرى ئاچىنىڭ بىر پۈتىنى تەشكىل قىلسا، تاختا كۆۋرۈك كەنتى زېمىنىنىڭ ئاز بىر قىسمى ۋە ئاقچىغ كەنتلىرى يەنە بىر پۈتىنى تەشكىل قىلىدۇ. تۆۋەنچاقار كەنتى دەل ئاچىنىڭ ئايرىلغان قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. پاكىت شۇنداقكەن، كىلىيالىق زېمىنىنى «تىلغا ئوخشاش ئۇزۇنسىغا سوزۇلغان يۇرت» دېيىشكە تىلىمىز كۆيىدۇ.

يەكۈن شۇكى، مەيلى تىل ئىشلىتىش ئادىتى جەھەتتىن بولسۇن ۋە مەيلى جۇغراپىيەلىك يەر شەكلى جەھەتتىن بولسۇن، «كىلىيالىق» يەر نامى «كىلىيان»دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن ھۆكۈم ــ ئىلمىي ھۆكۈم ئەمەس.

### 4. كىلىيالىق يەر نامى «قىريان»دىن ئۆزگەرگەن

ماقالىمىزنىڭ بېشىدا ئېيتقىنىمىزدەك «كىلىيالىق» قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي يان باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن قورشىلىپ تۇرىدۇ. تۆت تاغنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان «كىلىيالىق» زېمىنىنىڭ ھاۋاسى بىر قەدەر سوغۇق، كېچە ـ كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، ھۆل ـ يېغىن كۆپ، بىرقەدەر ياخشى تەبىئىي ئوتلاق شارائىتى بۇ يېزىنى تەبىئىي ھالدا چارۋىچىلىق ئاساسىغا ئىگە قىلغان. مانا مۇشۇنداق جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈش بىزنىڭ «كىلىيالىق» يەر نامىنىڭ «قىريان»دىن ئۆزگەرگەنلىكىدەك بىر قەدەر ئىلمىي بولغان قارىشىمىزنى دەلىللەشكە يېتەرلىك ئاساس بولالايدۇ.

ئومۇملاشتۇرغاندا، «كىلىيالىق» دېگەن يەر نامى ــ قانداقتۇر «گىلرەلىق»، «كەل يان» ياكى «كىلىيان»دىن ئۆزگەرگەن بولماستىن، بەلكى «قىريان»نىڭ ئۇزاق تارىخىي باسقۇچلۇق ئۆزگىرىشىنىڭ نەتىجىسى.

ئىزاھلار:

①ئابدۇللاسۇلايمان تۈزگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» ناملىق يۈرۈشلۈك كىتاب 10 ـ توم، 5 ـ ، 198 ـ بەت.

② ئادىل مۇھەممەد: «قەدىمىي خوتەن» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىل نەشرى.

③، ④ «گۇما تارىخ ماتېرىياللىرى» (2 ـ توپلام) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسمىسى (ئىچكى ماتېرىيال)، تۇرسۇنمۇھەممەد ھۈسەيىننىڭ «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى كىلىيالىق بازىرى» ناملىق ماقالىسى.

⑤ كىلىيالىق يېزىسىنىڭ دۆڭكۆل كەنتىدىكى ئورۇن نامى.

⑥ ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن، «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابنىڭ 10 ـ تومى، 6 ـ بەتكە قاراڭ.


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ توم.

2. سۇلتان مامۇت: «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى.

3. ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» ناملىق يۈرۈشلۈك كىتاب، 10 ـ توم.

4. «گۇما ناھىيەسىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى» (ئىچكى ماتېرىيال).

5. شېرىپجان قاسىم: «خوتەن گېزىتى»گە بېسىلغان، «كىلىيالىق يەر نامى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسى.

6. يەر ناملىرىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ماتېرىياللار.


(ئاپتور: گۇما ناھىيە كىلىيالىق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە)

 

# ئەنئەنىۋى مېۋە ـ چېۋە قۇرۇتۇش ئۇسۇللىرى

مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن

 

جۇغراپىيەلىك جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، رايونىمىز شىنجاڭ ھاۋاسى قۇرغاق، تۇپرىقى يۇمشاق، مۇنبەت، كېچە ـ كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، قىش پەسلى قىسقا، ياز پەسلى ئۇزاق، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن ۋە تىك، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ چوڭىيىش ۋە مېۋىگە كىرىش ۋاقتى تېز، مېۋە تۈرلىرى كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇنداق ئەۋزەل جۇغراپىيەلىك شارائىت شىنجاڭ مېۋىلىرىگە ئۆزگىچە تەم كىرگۈزگەن. شىنجاڭ مېۋىلىرىنىڭ تەمى تاتلىق، قەنت ماددىسى يۇقىرى، دورىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. خەلقىمىز مېۋىلەرنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىدىن ياخشى پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ كەلدى. شىنجاڭدا مېۋىلەر باش ئەتىيازدىن تارتىپ تاكى كەچ كۈزگىچە پىشىپ تۇرىدۇ. مېۋىلەرنىڭ تۈرلىرى كۆپ، مېۋىلەرنى ھۆل پېتىچە ئىستېمال قىلىشتىن سىرت، قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىشقىمۇ بولىدۇ. قۇرۇتۇلغان مېۋىلەرنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ يېيىشكىمۇ، خالىغان ۋاقىت، خالىغان ئورۇندا ئىستېمال قىلىشقىمۇ ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈن، خەلقىمىز ئۇنى ئوزۇقلۇق، يېمەكلىك قىلىپ تۇرمۇش، يېمەكلىك مەدەنىيىتىنى موللاشتۇرغان.

شىنجاڭدا مېۋىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ياز ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ. بولۇپمۇ ئۆرۈك، شاپتۇل، يازلىق ئالما، قوغۇن، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىراقلا پىشىدۇ. ئۇلارنى ھۆل پېتى يەپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز ھەر خىل مېۋىلەرنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلدا قۇرۇتۇش تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ، مېۋىلەرنى

سۈپەتلىك قۇرۇتۇپ، مول يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن، خەلقىمىزنىڭ مېۋە قۇرۇتۇش تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزاق، بۇ ھەقتە ماتېرىياللارمۇ ئاز ئەمەس.

تۆۋەندە خەلقىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم مېۋىلەر ۋە ئۇلارنى قۇرۇتۇش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

گۈلە

گۈلە ئۆرۈكنىڭ ھۆل مېۋىسىنى ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتقاندىن كېيىنكى مېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆرۈك 7-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تازا پىشىپ يەرگە تۆكۈلىدۇ. ئۇنى تېرىۋېلىپ، قۇياش نۇرى ئوبدان چۈشىدىغان ئورۇندا بورا ئۈستىگە ياكى پاكىز توپىغا تۆكۈپ قويسا، ئون كۈن ئەتراپىدا نەم ھالەتكە كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنى يىغىۋېلىپ قۇياش نۇرى سۇس چۈشىدىغان ئورۇندا بىر نەچچە كۈن تۇرغۇزۇپ، ئاندىن غەلۋىردە تاسقاپ، توپىسىدىن تولۇق ئايرىپ، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان قاپقا قاچىلاپ، سالقىن ئورۇندا ساقلىسا، ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. خەلقىمىزنىڭ بۇ خىل گۈلە قۇرۇتۇش ئۇسۇلى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە بۇ ھەقتە مۇنداق ئۇچۇر بەرگەن، «گۈلى — گۈلە، ئاجراتماي ئۇچكىسى بىلەن قۇرۇتۇلغان ئۆرۈك» (3-توم، 322-بەت). «چاخشاق — ئۆرۈك قېقى» (1-توم، 613-بەت)، «قاق — ئۆرۈك قېقى، گۈلە» (2-توم، 411-بەت). بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەلقىمىز ناھايىتى بۇرۇنلا ئۆرۈك مېۋىسىنى قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن. قۇرۇتۇلغان گۈلنى شۇ پېتى ئىستېمال قىلىسمۇ، ئاش-تائاملارغا سېلىپ ئىستېمال قىلىسمۇ، سۇ بار ياكى سۇ يوق ئورۇندا ئىستېمال قىلىسمۇ بولىدۇ. سەپەرگە چىققاندا يول ئۈستىدە ئېلىپ يۈرۈشكىمۇ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇشقىمۇ، سوۋغا قىلىشقىمۇ ماس كېلىدۇ.

گۈلە مېغىزىنىڭ ماي تەركىبى كۆپ، ئىستېمال قىممىتى يۇقىرى، دورىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە بىر قىسىم قۇۋۋەت دورىلىرىغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. گۈلنى سۇغا چىلاپ شىرنىسىنى ئىچىش خەلقىمىزدە ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «دىۋان»دا بۇ ھەقتە مۇنداق ئۇچۇر خاتىرىلەنگەن: «ئوخاق — ئۆرۈك قېقىنىڭ شىرنىسى، بۇ ئىچىلىدۇ، (1-توم، 165-بەت).

گۈلە قۇرۇتۇش، گۈلە ئىستېمال قىلىش ئۇزاقتىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا ھەمراھ بولۇپ كەلدى. گۈلىنىڭ مېغىزىدىن ماي تارتىشقا، ماتاڭ ياساشقا، ھەر خىل قىيمىلىق تائاملارنى ئېتىپ يېيىشكە بولىدۇ. بۇرۇنقى زامانلاردا نامرات ئائىلىلەر گۆشنىڭ ئورنىدا مېغىزنى ئىشلىتىپ چۆچۈرە، مانتا، كۆمەچ قاتارلىق تائاملارنى ئېتىپ يېگەن. ھازىر زامان تەرەققىي قىلدى، بىر قىسىم زامانىۋى قۇرۇتۇش ماشىنىلىرى بارلىققا كەلدى. ئەمما گۈلە قۇرۇتۇش ھازىرغىچە ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. گۈلە بۇرۇن ئائىلىلەردىلا ئىستېمال قىلىناتتى، مېغىزى يېپەك يولى ئارقىلىق ھەرقايسى يۇرتلارغا توشۇلاتتى. بۈگۈنكى كۈندە گۈلە ئائىلىلەردە ئىستېمال قىلىنىشتىن ھالقىپ ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىدىغان تاۋار مەھسۇلاتقا ئايلاندى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى چوڭ شەھەرلەردە گۈلە ھەم مېغىزنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇتلار بارلىققا كەلدى. رايونىمىز شىنجاڭدىن يىلىغا نەچچە 100 توننا گۈلە ھەم مېغىز ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكىلىدۇ. ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ھەرقانداق ئائىلىدە ئۆرۈك دەرىخى بولىدۇ. ياز كۈنلىرىدە يېگەندىن سىرت، ئېشىپ قالغانلىرىنى ئاپتاپقا سېلىپ گۈلە قۇرۇتۇۋالىدۇ. ئۇيغۇر دېھقانلىرى ھويلا-ئارانلىرىغا ئۆرۈك كۆچىتى تىكىشنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئۆرۈكنىڭ 30 خىلدىن ئارتۇقراق سورتى بولۇپ، گۈلىنىڭ باھاسىمۇ ئۇنىڭ سورتىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ، گۈلە نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش، يېمەك-ئىچمەك، سودا مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ كەلدى. گۈلە ھازىرمۇ دېھقانلارنىڭ مۇھىم كىرىم مەنبەسى ۋە ئىستېمالى بولۇپ كەلمەكتە.

قاق

قاق — شاپتۇل مېۋىسىنىڭ قۇرۇتۇلغان قىسمى، شاپتۇل ئادەتتە ئەش ۋە يارماق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئەش شاپتۇلدا قاق سېلىشقا بولمايدۇ. قاق خاس يارماق شاپتۇلدا سېلىنىدۇ. شاپتۇل ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئۇچكىسىنى ئېلىۋېتىپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. نەم ھالەتكە كەلگەندە يىغىپ غەلۋىردە تاسقاپ توپىسىدىن تولۇق ئاجرىتىپ، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان قاپقا قاچىلاپ سالقىن ئورۇندا ساقلىسا، ئۇزاق مۇددەتكىچە ساقلاپ يېيىشكە بولىدۇ.



شاپتۇلدىن قاق قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىش خەلقىمىزدە ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. قاق قۇرۇتۇش، قاق ئىستېمال قىلىش ھەققىدە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە مۇنداق ئۇچۇر خاتىرىلەنگەن: «قاق، شاپتۇل قېقى (3-توم، 213-بەت). «قاق، يېرىپ قۇرۇتۇلدىغان قاق» (3-توم، 179-بەت). خەلقىمىزنىڭ مېۋە-چېۋە قۇرۇتۇش، ئىستېمال قىلىش ئادىتى ھەققىدە باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ خېلى كۆپ ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن.

قاقنىڭ تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل بولۇپ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىمۇ دورا ئورنىدا كېسەللەرگە بېرىلىدۇ. قاق تېرىنى پارقىرىتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، ھەزىم خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ، ئەتىياز كۈنلىرى ھەممە ئائىلىلەردە قاقنى چىلاپ قويۇپ شىرنىسىنى ئىچىش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. قاق تەملىك، ئەتلىك، يۇمشاق، يېيىشلىك بولغاچقا، ھېيت-ئايەملەردە داستىخانغىمۇ كەلتۈرۈلىدۇ، يىراق سەپەرلەرگە چىققاندا ئېلىۋالىدۇ. يېقىن تونۇشلىرىغا سوۋغا قىلىدۇ. قاق بۇرۇن ئائىلىلەردە قۇرۇتۇلۇپ ئىستېمال قىلىناتتى، ھازىر باققاللارنىڭ ئالدىدا تاۋار مەھسۇلاتقا ئايلاندى.

## مۇنەك

مۇنەك — خاس توغاچنى قۇرۇتۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. توغاچ شاپتۇلنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، مېۋىسى رەڭلىك، تەملىك، گۆشلۈك، سىلىق، پارقىراق كېلىدۇ، قۇرۇتۇلغان مۇنەكمۇ ناھايىتى تاتلىق ۋە يېيىشلىك.

توغاچ قۇرۇتۇش ئۇسۇلىمۇ قاق قۇرۇتۇش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ. قاق، مۇنەكلەر ئاساسەن بورا ئۈستىگە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. كۈن نۇرى سۇس چۈشىدىغان ئورۇندا بىر ھەپتە ئەتراپىدا تۇرغۇزۇلىدۇ. مۇنەكنى ئۇزۇن ئاپتاپقا سېلىپ بەك قۇرۇتۇۋېتىشقا بولمايدۇ. شاپتۇلنى ئوتتۇرىدىن يېرىپ قاق قۇرۇتۇلىدۇ. ئەمما توغاچ بولسا شۇ پېتى ئاپتاپقا سېلىنىدۇ. ئۇنى بەك قۇرۇتۇۋەتكەندە گۆش قىسمى توغاچ ئۇچكىسىگە چىڭ چاپلىشىۋېلىپ يېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا مۇنەك قانچە يۇمشاق بولسا، شۇنچە يېيىشلىك بولىدۇ. ئادەتتە ئەش شاپتۇلدىنمۇ مۇنەك قۇرۇتۇلدۇ. ئەمما بۇنداق مۇنەك توغاچتا قۇرۇتۇلغان مۇنەكتەك يېيىشلىك، تەملىك بولمايدۇ. شۇڭا ئەش شاپتۇلدا ئاساسەن مۇنەك قۇرۇتۇلمايدۇ. توغاچنى قۇرۇتۇش ئارقىلىق تەييارلانغان مۇنەك تاتلىق، يېيىشلىك، تەملىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىمۇ باشقا قۇرۇتۇلغان مېۋە-چېۋىلەردىن يۇقىرى بولىدۇ. مۇنەك ھېيت-ئايەملەر، مېھماندارچىلىق داستىخانلىرىغا قويۇلىدۇ. تونۇش-بىلىشلەرگە سوۋغا قىلىنىدۇ، مۇنەك ھازىرمۇ ئەتىۋارلىق يېمەكلىك ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىپ كەلمەكتە. توغاچنى كۆپرەك ئۆستۈرگەن باغۋەنلەرگە زور ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىپ بەرمەكتە، باغۋەنلەرمۇ توغاچلىق باغلارنى بارغانسېرى كۆلەملەشتۈرۈشكە تىرىشماقتا.

## جىگدە

رايونىمىز شىنجاڭدا جىگدە دەرىخى ئۆستۈرۈش تارىخى، جىگدە دەرىخى ئۆستۈرۈشنىڭ رولى، مۇھىملىقى، جىگدە مېۋىسىدە ياسىلىدىغان يېمەك-ئىچمەكلەر، جىگدە ياغىچىدا ياسىلىدىغان تۇرمۇش سايمانلىرى، جىگدە مېۋىسىنىڭ شىپالىق رولى، جىگدە يېلىمىنىڭ ئىشلىتىلىش ئالاھىدىلىكى، رايونىمىزدا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان جىگدىنىڭ تۈرلەرى، سورتلىرى توغرىسىدا خەلقىمىز خېلى چوڭقۇر چۈشەنچىلەرگە ئىگە. بۇ ھەقتىكى تارىخىي يازمىلار، خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئەپسانە-رىۋايەتلەر، چۆچەك، ماقال-تەمسىل، قوشاقلارمۇ خېلى كۆپ. چۈنكى ئەجدادلىرىمىز تەكلىماكاندىن ئىبارەت چەكسىز كەتكەن قۇم دېڭىزىنىڭ گىرۋەكلىرىنى ماكان تۇتۇپ ياشاپ كەلگەن. قۇم-بوراننىڭ ئاپىتى بىر قەدەر ئېغىر بولغاچقا، ئۇنىڭدىن مۇداپىئە كۆرۈشتە جىگدە ئەڭ مۇستەھكەم قورغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا خەلقىمىز جىگدە دەرىخى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، شىنجاڭدا جىگدە دەرىخى باشقا ھەرقانداق دەرەختىن كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

جىگدە دەرىخىنىڭ قۇم-بورانغا تاقابىل تۇرۇش كۈچى كۈچلۈك، شورلۇق، قۇرغاق رايونلاردىمۇ ئۆسۈۋېرىدۇ،

كۆپ سۇ تەلەپ قىلمايدۇ، قۇرغاقچىلىققا ئالاھىدە چىداملىق، كۆپ مېۋىلەيدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسىنى ئايرىم قۇرۇتۇش ھاجەت ئەمەس. ئۆز شېخىدا تۇرۇپلا قۇرۇيدۇ. مېۋىسىنى شۇ پېتى يېيىشكىمۇ، ئاش-تائاملارغا ئارىلاشتۇرۇپ يېيىشكىمۇ بولىدۇ. جىگدە مېۋىسىنى قاينىتىپ، شىرنىسىنى چىقىرىپ ئايرىم ئىستېمال قىلىشقىمۇ بولىدۇ. شىرنىسىنى يەنە قاينىتىپ ماتاڭ ياساپ ئىستېمال قىلسىمۇ بولىدۇ، مېۋىسىنى قاينىتىپ ئۇنىڭغا كەندىر، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، تاتلىق يېمەكلىك بولىدۇ. بۇنداق يېمەكلىك ئادەتتە مىژمىلاق دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئاچارچىلىق بولغان مەزگىللەردە جىگدە مېۋىسى خەلقىمىزنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇقىغا ئايلانغان. شىنجاڭدا جىگدىنىڭ 20 خىلدىن ئارتۇقراق سورتى بار. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىلىرى نان جىگدىسى، ئاق جىگدە، سوقا جىگدە، ئۈچەت جىگدىسى قاتارلىقلار بار.

جىگدە مېۋىسىنىڭ دورىلىق قىممىتى يۇقىرى، ئۇ ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش رولىغا ئىگە. يەنە ھايۋانلارنىڭمۇ ئەڭ ياخشى يەم-خەشىكى ھېسابلىنىدۇ.

جىگدە مېۋىسىنىڭ قەنت ماددىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بۇرۇن ئائىلىلەردە مەخسۇس جىگدە شەربىتى تەييارلاپ ئىچىلەتتى. ھازىر جىگدە شەربىتى چوڭ رېستوران، تېز تاماقخانا، ئاشخانىلارغا يۈزلىنىپ مېھمانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە. ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا جىگدە دەرىخى ئۆستۈرۈشنىڭ رولى، ئەھمىيىتى، جىگدە مېۋىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى، شىپالىق رولى، جىگدە يېلىمىنىڭ چاچ گۈزەللەشتۈرۈشتىكى ئىلمىي ئاساسى توغرىسىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

## ئۈجمە

تالقان — ئۈجمە مېۋىسىنىڭ قۇرۇتۇلغان قىسمىدا يا سىلىدىغان ئۇننى كۆرسىتىدۇ.

ئۈجمە ئەتىياز كىرىشى بىلەنلا پىشىدىغان مېۋە تۈرلىرىنىڭ بىرى، ئۈجمىنىڭ نەچچە خىل سورتى بولسىمۇ، لېكىن پىشىش ۋاقتى ئوخشاش، ئەجدادلىرىمىز ئۈجمىنى تېرىپ، ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇپ ھەر خىل ئۇسۇلدا پايدىلانغان.

ئۈجمە ئوبدان پىشقاندا، ئۇنى تېرىپ يىغىۋېلىپ قۇياش نۇرى سۇس چۈشىدىغان ئورۇنغا يېيىپ نەم ھالەتتىكە كەلگەندە يىغىۋېلىنىدۇ. ئۇنى شۇ پېتى ئىستېمال قىلسىمۇ، يارغۇنچاقتا يۇمشىتىپ ئۇن ھالەتكە كەلتۈرۈپ تالقان قىلىپ ئىستېمال قىلسىمۇ بولىدۇ. تالقانغا قوي يېغىنىڭ ئېرىتمىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ تاتلىق، مەززىلىك، يېيىشلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە مۇنداق ئۇچۇر خاتىرىلەنگەن. «ئۇ تالقانغا ياغ قاتۇردى» (ئۇ ئۇنىڭغا ياغنى تالقانغا قاتۇردى») (2-توم، 271-بەت).

بۇرۇنقى زامانلاردا يەرلەر ئۈنۈمسىز، سۇ ئىنشائاتلىرى قالاق بولغاچقا، ئەجدادلىرىمىز يېمەك-ئىچمەكتىن ناھايىتى قىسىلاتتى. شۇڭا ئۈجمە پىشقاندا ئۇنى تېرىپ قۇرۇتۇپ كۆپلەپ تالقان تەييارلىۋالاتتى. ياغ ئارىلاشتۇرۇلغان تالقاندا ئوماچ تەييارلىسا تېخىمۇ ياخشى تائام بولىدۇ. بۇرۇن تالقان ئىستېمال قىلىدىغان، تالقاندا ئوماچ تەييارلاپ ئىچىدىغان ئائىلىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ھازىر ئۈجمە مېۋىسىنى يىغىۋېلىپ، قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىدىغان ئائىلىلەر ئاساسەن يوق دېيەرلىك.

## ئۆزۈم

ئۆزۈم ئۆستۈرۈش رايونىمىز شىنجاڭدا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۆزۈم ئۆستۈرۈش ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا-ئاران مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى.

ئۇيغۇرلار ھويلا، يول بويلىرى، ئېرىق-ئۆستەڭ قىرلىرىدا ئۆزۈم ئۆستۈرگەندىن سىرت ئېتىزلىقلاردا كۆلەملەشتۈرۈپ ئۆزۈم ئۆستۈرۈشكىمۇ ئادەتلەنگەن. ئۆزۈم ياز ئوتتۇرىلىرىدا كۆپرەك پىشىدۇ. ئۆزۈمنىڭ كۆپ قىسمى قۇرۇتۇۋېلىنىدۇ. ئۆزۈم قۇرۇتۇش باشقا مېۋىلەرنى قۇرۇتۇش ئۇسۇلىغا ئوخشىمايدۇ. ئۆزۈمنى مەخسۇس ئۆزۈم قۇرۇتۇش ئۆيلىرىگە ئېسىپ، ناھايىتى ئاستا، تەبىئىي ھالدا قۇرۇتۇلىدۇ. بۇرۇنقى مەزگىللەردە ئۆزۈم پاكىز قۇم ئۈستىگە قويۇپ قۇرۇتۇلغان، بۇ ئۇسۇل ھازىر قوللىنىلمايدۇ.

ئۆزۈمنى قۇرۇتۇش ئۇسۇلى، ئۆزۈمنى ئېچىتىپ مەيزاپ ياساش ئۇسۇلى، ئۆزۈمدە سىركە ياساش ئۇسۇلى توغرىسىدا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خېلى كۆپ ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن. «قۇرۇتىدىغان — بۇ ئۆزۈم قۇرۇتىدىغان ئادەم» (1-توم، 667-بەت). «بوشۇنچەك — ئۆزۈم سېپى» (1-توم، 659-بەت). «بىدىشلىق ياغاچ-



ئۈزۈم بارىڭى ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان ياغاچ» (1-توم، 654-بەت). «ئۈزۈمنى پەشلىدى — يەنى ئۈزۈمنى ساپىقىدىن ئاجراتتى» (3-توم، 362-بەت). بۇنىڭغا ئوخشاش ئۇچۇرلار «دىۋان»دا خېلى كۆپ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈش، ئۈزۈم ئېچىتىش، ئۈزۈم قۇرۇتۇشقا دائىر يازما ۋە قېزىلما دەلىللەرمۇ خېلى تولۇق. ھازىر رايونىمىز شىنجاڭدا قۇرۇتۇلغان ئۈزۈملەر دۆلەت ھالقىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا توشۇلۇۋاتىدۇ. زامانىۋىلاشقان ئۈزۈم پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى. خاس تۇرپاندىلا ئۈزۈمنىڭ سورتلىرى 30 خىلدىن ئاشىدۇ. دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ئۈزۈم سورتلىرى تۇرپاندىن تېپىلىدۇ. ئۈزۈم ئۆستۈرۈش، ئۈزۈم قۇرۇتۇش، ئۈزۈمدىن ھەر خىل ئىچىملىكلەرنى تەييارلاش ئۇيغۇرلاردا ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەت ھادىسىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلىلىرى ئۈزۈم بارىڭى ئارقىلىق بېزىلىدۇ. ياز كۈنلىرىدە ئائىلە ئەزالىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا ئولتۇرۇپ تائام يەيدۇ، ئارام ئالىدۇ. نەغمە-ناۋا قىلىدۇ. تەبىئەتنىڭ نېمىتىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. ھويلىغا ياسىلىدىغان ئۈزۈم بارىڭىمۇ ناھايىتى چىرايلىق، يارىشىملىق ياسىلىدۇ. ئائىلە ئەزالىرى خالىغان ۋاقىتتا ئۈزۈپ ئىستېمال قىلغاندىن سىرت ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئۈزۈم كەلتۈرىدۇ. ياز ۋاقىتلىرىدا يەپ بولالمىغانلىرىنى قۇرۇتۇۋالىدۇ. قۇرۇتۇلغان ئۈزۈمنىڭ ئىستېمال قىممىتى يۇقىرى، قەنت ماددىسى كۆپ، دورىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىدە بىر قىسىم دورىلارغا قۇرۇق ئۈزۈم ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۈزۈمنى بۇرۇن ئائىلىلەردە قۇرۇتۇپ ئۆزلىرى ئىستېمال قىلغان، بۈگۈنكى كۈندە قۇرۇتۇلغان ئۈزۈم ئەڭ مۇھىم تاۋار مەھسۇلاتقا ئايلاندى.

## چىلان

چىلاننىڭ مېۋىسىنى يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىش خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ بىرى.

چىلان 9-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قىزىرىپ پىشىدۇ، چىلان ناھايىتى ئەتىۋارلىق مېۋە، ئۇ يىغىۋېلىنىپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇپ قاپلارغا قاچىلىنىدۇ، چىلاننى ھۆل ۋاقتىدا ئىستېمال قىلىشقىمۇ، قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئەمما ھۆل ۋاقتىدا كۆپ ئىستېمال قىلىنمايدۇ، كۆپىنچە ھاللاردا قۇرۇق ياكى قازاندا قاينىتىپ شەربەت سىقىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. چىلاننىڭ دورىلىق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ خىل كېسەللەرگە بېرىلىدۇ. چىلاننىڭ قان كۆپەيتىش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، قاننىڭ ھارارىتىنى تۆۋەنلىتىش، قان تازىلاش، قىزىل كېسىلى، ھەر خىل قاپارتما، قىزىتما ئۆرلەپ كېتىش، زۇكام قاتارلىق كۆپ خىل كېسەللەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ، شۇڭا خەلقىمىز ئائىلىلەردە چىلان شەربىتى تەييارلاپ ئىستېمال قىلىدۇ، ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارنى چىلان بىلەن مېھمان قىلىدۇ؛ ھېيت-ئايەملەردە داستىخانغا چىلان كەلتۈرىدۇ، دوستلىرىغا چىلان سوۋغا قىلىدۇ.

چىلان شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇ كۆپ سۇ خالىمايدۇ. مېۋىسى كىچىك، تەمى چۈچۈمەل، ئەت قىسمى نېپىز، بۇ خىلدىكىسى ئادەتتە يەرلىك چىلان دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى كەڭ تارقالغان چىلانلارغا ئوخشىمايدۇ. ھازىر چىلانلار سورتى يېڭىلانغان، چوڭ، گۆشلۈك چىلانلار بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك چىلان يەنىلا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

## ياڭاق

ياڭاق ئاساسەن قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ياڭاق 9-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پوستىدىن ئاجراشقا باشلىغاندا يىغىۋېلىنىپ تاش پوستىدىن تولۇق ئاجرىتىلىپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. قۇرۇتۇلغان ياڭاقنى نەچچە يىل ساقلاپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ، ياڭاق جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدا

كۆپرەك ئۆستۈرۈلىدۇ. باشقا مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدۇ. ياڭاقنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى. ماي تەركىبى مول، ئادەتتە ئون كىلوگرام ياڭاق مېغىزىدىن توققۇز كىلوگرام ماي چىقىدۇ، ياڭاق دورىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرىدۇ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ياڭاق يەنە كۆپ خىل كېسەللەرگە شىپا قىلىدىغان مېۋە بولۇپ، ئۆستۈرۈلۈش تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزاق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش سەۋەبىنىمۇ ياڭاقتىن ئايرىلىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ياڭاق مېغىزىدا چۈچۈرە، كۆمەچ، سامسا قاتارلىق قىيمىلىق تائاملارنى ئېتىپ يېيىشكە بولىدۇ. يەنە ھەر خىل دورىلىق چايلار تەييارلىنىدۇ، ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاساسەن قورۇتۇلغان ياڭاق بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ياڭاق ئىستېمال قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇرۇن ياڭاقنىڭ مېۋىگە كىرىش مەزگىلى ئۇزاق بولغاچقا، ياڭاق كۆپ ئەمەس ئىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياڭاقنى ئۆلاش تېخنىكىسى بارلىققا كەلگەن بولغاچقا ياڭاق تۆت-بەش يىلدىلا مېۋىگە كىرىدىغان بولدى، ياڭاق بۇرۇن يول، ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆستۈرۈلەتتى، ھازىر كۆلەملەشتۈرۈلۈپ، كۆپلەپ ئۆستۈرۈلگەچكە، قورۇتۇلغان ياڭاق مەھسۇلاتىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى، ھازىر قورۇتۇلغان نەچچە 100 مىڭ توننا ياڭاق شىنجاڭدىن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا، ھەتتا چېگرا ئاتلاپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا توشۇلىدۇ، شۇڭا قورۇتۇلغان ياڭاق ئالاھىدە تاۋار مېۋىگە ئايلاندى.

## ئەنجۈر قېقى

ئەنجۈر چاتقال ئۆسۈملۈكلەر تۈرىگە كىرىدىغان مېۋىلىك ئۆسۈملۈك، ئاساسەن خەلقىمىزنىڭ ھويلا-ئاران باغلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ، ئۇ ھويلا-ئاران مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

ئەنجۈر شېخىنى قەلەمچە قىلىش ئارقىلىق ئۆستۈرۈلىدۇ. غول شېخىنىڭ قاتتىقلىششىغا ئەگىشىپ مېۋىگە كىرىدۇ. كۆز پەسلىدە توپىغا كۆمۈپ ئەتىياز پەسلىدە ئېچىلىدۇ. سوغۇققا بەرداشلىق بېرىش كۈچى ئىنتايىن ئاجىز. ئەنجۈر بىر يازدا ئۈچ قېتىم مېۋىلەيدۇ. ياز ئوتتۇرىلىرىدا پىشقىنى تولۇق ۋايىغا يېتىپ پىشىدۇ، ئەتىياز ۋە كۈز كۈنلىرىدە پىشقىنىنىڭ مېۋىسى تولۇق پىشمايدۇ، ئەنجۈر كۆپىنچە ھاللاردا ھۆل پېتى ئىستېمال قىلىنىدۇ. بىر قىسمى قورۇتۇۋېلىنىدۇ. ئەنجۈر بورا ئۈستىگە رەتلىك تىزىپ ئاپتاپقا سېلىپ قورۇتۇلىدۇ. ئۇ ئەنجۈر قېقى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەنجۈر مەيلى ھۆل پېتى ئىستېمال قىلىنسۇن ياكى قورۇتۇلغان قېقى ئىستېمال قىلىنسۇن، ئاساسەن دورا ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئەجدادلىرىمىز ئەنجۈرنى قورۇتۇپ ئۇنىڭدىن كۆپ خىل ئۇسۇلدا پايدىلانغان. ئەنجۈرنىڭ قورۇتۇلغان قېقى ئىستېمال قىلىنغاندىن سىرت، ئەنجۈر مۇراپباسى، ئەنجۈر شەربىتى ياسىلىدۇ. ئۇيغۇر تېبابىتىدە ھەر خىل پىششىقلانغان دورىلارغا سېلىنىدۇ. ئەنجۈر قېقى ھېيت-ئايەملەردە داستىخانغا قويۇلىدۇ. مېھمانلارغا سوۋغا قىلىنىدۇ. ئەنجۈر كۆپ ئۆستۈرۈلمەيدىغان، پەرۋىش قىلىش تەس، كۆپ سۇ تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا، مېۋىسىمۇ باشقا قورۇتۇلغان مېۋىلەردەك كۆپ ئەمەس. ئەنجۈر قېقى ئاساسەن باققاللارنىڭ ئالدىدىن تېپىلسا، ئەنجۈر مۇراپباسىنى تېبابەت دورىگەرلىرىنىڭ ئالدىدىن تاپقىلى بولىدۇ، ئەنجۈر قېقىنىڭمۇ ياز ئوتتۇرىلىرىدا قورۇتۇلغانلىرىنىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولىدۇ.

## قوغۇن قېقى

قوغۇن ياز ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدىغان، تۈرى كۆپ، گۆشلۈك، سۇ قىسمى كۆپ، ئاسان بۇزۇلۇپ قالىدىغان مېۋە-چېۋىلەرنىڭ بىرى.

قوغۇن پىشقاندا، كۆپ قىسمى ئۆز ۋاقتىدا يېيىلىپ تۈگەيدۇ. بەزىدە قوغۇن تازا مەي باغلاپ پىشقاندا شاپىقىنى سويۇۋېتىپ تىلىپ بورا ئۈستىگە تىزىپ ئاپتاپقا سېلىنىدۇ. قوغۇننىڭ سۇ قىسمى پارغا ئايلىنىپ ئەت قىسمى نەم ھالەتكە كەلگەندە يىغىۋېلىنىدۇ. ھاۋا ئۆتۈشىدىغان قاپتا سالقىن ئورۇندا ساقلىسا، ئۇزاققىچە ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. قوغۇن قېقى كۆپ قورۇتۇلمايدۇ. پەقەت بىر ئائىلىدە بىر نەچچە قوغۇندا قاق سېلىنىدۇ، بۇرۇن ھۆل مېۋە-چېۋىلەرنى قىش كۈنلىرىدە ساقلاش ئىمكانىيىتى يوق مەزگىللەردە ئەجدادلىرىمىز قوغۇندىن قاق سېلىپ قىش، ئەتىياز كۈنلىرىدىكى ئېھتىياجىنى قامدىغان، قوغۇننىڭ شېكەر ماددىسى ناھايىتى يۇقىرى، قوغۇن قېقىنىڭ تەممۇ ناھايىتى تاتلىق، يېپىشلىك، تەملىك كېلىدۇ. ئادەمگە ياز كۈنىدىكى قوغۇننىڭ تەمىنى تېتىيدۇ. ئوبدان قورۇغاندا

سوقۇپ تالقان قىلىپ يېسىمۇ بولىدۇ. ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىز قوغۇن قېقى قۇرۇتۇش، يېيىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مېۋە-چېۋىلەرنى ھۆل پېتى ساقلاش تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئىستېمالچىلارنىڭ كۆپىيىشى، يۆتكەش، توشۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئىلغارلىششى، قوغۇن تەمىدىكى ئۆزگىرىشلەر قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىستېمالچىلار قىش، ئەتىياز كۈنلىرىمۇ خالىغان ۋاقىتتا قوغۇن ئىستېمال قىلالايدىغان بولدى. قوغۇن قېقى قۇرۇتۇش ۋە ئۇنى ئىستېمال قىلىش تارىخقا ئايلاندى. ھازىر ھېچقانداق ئائىلىدە قوغۇن قېقى قۇرۇتۇلمايدۇ ھەم قوغۇن قېقى ئىستېمال قىلىنمايدۇ.

### ئالقات

ئالقات ئەسلى تاغلىق، ئېدىرلىق، چۆل-باياۋانلاردا ياۋا ھالەتتە ئۆسىدىغان چاتقال ئۆسۈملۈك بولۇپ، مېۋىسى بۇغدايدىن سەل چوڭراق، رەڭگى قىزىل، پىشقاندا تەمى چۈچۈمەل بولۇپ يېيىشكە بولىدۇ. كۆپىنچە دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا خەلقىمىز ئۇنى يىغىۋېلىپ، ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە بۇ ھەقتە مۇنداق ئۇچۇر خاتىرىلەنگەن. «ئاۋلغۇ ــ قىزىل مېۋە بېرىدىغان بىر خىل دەرەخ، مېۋىسىنىڭ سۈيى ئاشقا قۇيۇلىدۇ. پوستى بىلەن كېسەل داۋالىنىدۇ ۋە كىيىملەر بويىلىدۇ». (1-توم، 637-بەت). ئالقاتنىڭ تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ، كۆز ئاغرىقىنىڭ ئەڭ ياخشى دورىسى. ئۇنى قۇرۇتۇلغان ھالەتتە ئىستېمال قىلىسىمۇ، قاينىتىپ شەربەت تەييارلاپ ئىستېمال قىلسىمۇ بولىدۇ. ئالقاتنى ئېزىپ سۈيىنى پولۇ ئاشقا قۇيسا، ئاشقا ئۆزگىچە تەم، پۇراق كىرگۈزىدۇ. ئاشنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىدۇ، بۇنداق ئاشمۇ كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ياۋا ھالەتتە ئۆسكەن ئالقات ئانچە كۆپ بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنى يىغىپ قۇرۇتقۇچىلار پەقەت ئۇنىڭ دورىلىق قىممىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزىگە كېرەكلىك مىقداردا يىغىپ قۇرۇتۇۋالىدۇ. كۆپرەك يىغقۇچىلار ئۈچ ~ تۆت كىلوگىرام كەلگىچىلىك يىغالايدۇ. ئۇنى يىغىشمۇ ناھايىتى تەس. چۈنكى ئۇنىڭ شاخلىرى تىكەنلىك بولىدۇ، ئۇنى يىغقۇچىلار قولىغا تېرىدىن تىكىلگەن پەلەينى كىيىپ يىغىدۇ.

ئالقاتنىڭ دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بولغاچقا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىمالىي شىنجاڭ، بولۇپمۇ جىڭ ناھىيەسىدە ئالقاتنى كۆلەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىۋاتىدۇ. قۇرۇتۇش جەھەتتىمۇ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇش ۋە زامانىۋى قۇرۇتۇش ماشىنىسىدا قۇرۇتۇشتىن ئىبارەت قوش ئۇسۇلنى قوللىنىۋاتىدۇ. خاس ئالقات پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇپ، ئالقات شەربەتلىرى بازارغا سېلىندى، ئەسلىدە ياۋا ھالەتتە ئۆسىدىغان بۇ ئۆسۈملۈك ھازىر كۆلەملەشتۈرۈلۈپ ئۆستۈرۈلۈپ خەلقىمىزگە نەپ-پايدا ئېلىپ كېلىدىغان ئۆسۈملۈككە ئايلاندى.

### قارىقات

قارىقات چۆللۈك، سايلىق، تاشلىق، ئېدىرلىقلاردا ياۋا ھالەتتە ئۆسىدىغان چاتقال ئۆسۈملۈك. ئادەتتە ئاق تىكەن دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك ئۆسىدۇ. ئۇ تىكەنلىك بولۇپ غوللىرى، شاخلىرى قاتتىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى ھېچقانداق ھايۋان يېيىشكە پېتىنالمايدۇ. كۈز پەسلىدە مېۋىلەيدۇ. مېۋىسى پىشمىغان ۋاقىتتا رەڭگى كۆك، پىشقان ۋاقىتتا قارا بولىدۇ. بەزى ئورۇنلاردا ئۇنى يەرلىك كىشىلەر قاراخەت دەپ ئاتايدۇ. ئومۇملاشقان نامى قارىقات. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە بۇ ھەقتە مۇنداق ئۇچۇر بېرىلگەن. «قاراقات ــ تىكەنلىك دەرەختە بولىدىغان مېۋە» (3-توم، 200-بەت). قارىقاتنىڭ شېخى تىكەنلىك بولغاچقا، ئۇنى يىغىۋېلىش ناھايىتى تەس. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ دورىلىق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغاچقا، خەلقىمىز ئۇنى ئەستايىدىل پوزىتسىيەدە يىغىۋالىدۇ. يىغىشتا قارىقات شېخىنىڭ ئاستىغا رەختلەرنى يېيىپ كىچىك تاياقچە ئارقىلىق مېۋىسىنى بىر-بىرلەپ رەخت ئۈستىگە چۈشۈرۈپ، ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتقاندىن كېيىن پاكىزلاپ، كىچىك خالتىلارغا قاچىلىۋالىدۇ. ئاق تىكەن ئۈچ خىل بولىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ بىر خىلىلا قارىقات



بولىدۇ، باشقا ئىككى خىلدا مېۋە بولمايدۇ. شۇڭا قارىقاتنى كۆپلەپ يىغىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت دورىغا ئىشلەتكۈچىلىك ئاز مىقداردا يىغىۋالغىلى بولىدۇ.

قارىقاتنىڭ تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ، قىزىتما قايتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش قاتارلىق رولى بار. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئۇ كۆپلىگەن دورىلارغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. شەربەت تەييارلاپ ئىچىلىدۇ، هازىر قارىقات سۈيى بازارغا سېلىنىدى، قارىقات ئۆسۈملۈكمۇ سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆلەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈلدى.

## قارىئۆرۈك قېقى

قارىئۆرۈك ئادەتتىكى ئۆرۈكتەك ئۇنداق ئېگىز ئۆسمەيدۇ. 4-ئاي مەزگىلىدە كۆكۈش رەڭلىك چېچەكلەپ، 8-ئاينىڭ بېشىدا مېۋىلەيدۇ. مېۋىسى ئادەتتىكى ئۆرۈكتىن كىچىك، رەڭگى قىزغۇچ قارا، تەمى چۈچۈمەل كېلىدۇ. قارىئۆرۈك كۆپ ئۆستۈرۈلمەيدۇ. هەر بىر ئائىلىدە بىر-ئىككى تۈپ ئۆستۈرۈلىدۇ. قارىئۆرۈك ئوبدان پىشقاندا ئاپتاپقا سېلىپ ئوبدان قۇرۇتۇپ يىغىلىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى سوغۇققا مايىل بولىدۇ. ئىسسىقى ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن بولغان كېسەللەرگە شىپا قىلىدۇ. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە دورىلارغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، شەربەت تەييارلاپ ئىچىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۇ ئەتىياز كۈنلىرى ئىستېمال قىلىشقا ناهايىتى باب كېلىدۇ. قارىئۆرۈكنى قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىش، شەربەت تەييارلاپ ئىستېمال قىلىش بىزدە ناهايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇيغۇر تېبابەت كىتابلىرىدىمۇ قارىئۆرۈك قېقىنىڭ پايدىلىق رولى توغرىسىدا كۆپلىگەن بايانلار بار، قارىئۆرۈك ئەتىۋارلىق دورا سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىپ كەلمەكتە.

## ئەينۇلا قېقى

ئەينۇلا هويلا-ئارانلاردا ئۆستۈرۈلىدىغان چاتقال ئۆسۈملۈكلەر تۈرىگە كىرىدۇ. ئىككى مېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ. 8-ئاينىڭ باشلىرىدا ئوبدان ئۆسىدۇ. مېۋىسىنى هۆل پېتى ئىستېمال قىلىسمۇ، قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىسمۇ بولىدۇ. كۆپىنچە قۇرۇتۇپ دورىغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنى چىلاپ قويۇپ شىرنىسىنى ئىچسىمۇ بولىدۇ. ئەينۇلا مېۋىسىنىڭ قۇرۇتۇلغانلىرى ئەينۇلا قېقى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەينۇلا قېقىنىڭ تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئەينۇلا ئوبدان پىشقاندا مېۋىسى يىغىۋېلىنىپ پاكىز بورا ئۈستىگە بىر-بىرىگە تەگمەيدىغان هالەتتە تىزىپ ئاپتاپقا سېلىنىدۇ. ئوبدان قۇرۇغاندا ئاندىن يىغىۋېلىنىدۇ. ئەينۇلا مېۋىسىنىڭ رەڭگى سۆسۈن، تەمى چۈچۈمەل، چوڭ-كىچىكلىكى قارىئۆرۈكتىن سەل چوڭراق بولىدۇ. ئەينۇلا مېۋىسى قۇرۇتۇۋېلىنىدۇ، ئەمما ئۇنى بىرەر كېسەللىككە گىرىپتار بولمىغان كىشى ئاساسەن ئىستېمال قىلمايدۇ.

## ئالۇچا قېقى

ئالۇچا چاتقال ئۆسۈملۈكلەر تۈرىگە كىرىدىغان، ئۆستۈرۈلۈش ئۇسۇلى، مېۋىسىنىڭ رەڭگى، تەمى، تەبىئىتى، ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى، قۇرۇتۇش ئۇسۇلى، شىپالىق رولى جەهەتتىن ئەينۇلا بىلەن ئاساسىي جەهەتتىن ئوخشايدۇ. ئەمما ئالۇچىنىڭ مېۋىسى قارىئۆرۈك، ئەينۇلىدىن سەل چوڭ، گۆشلۈك كېلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئالۇچا ئۆستۈرۈش، ئالۇچا مېۋىسىنى قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىش ناهايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ 1-توم، 164-بەتتە مۇشۇ هەقتە ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن. ئالۇچا 8-ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ، مېۋىسى يىغىۋېلىنىپ، بورا ئۈستىگە تىزىپ ئاپتاپقا سېلىنىپ قۇرۇتۇلىدۇ، تەبىئىتى سوغۇققا مايىل، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە دورىغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. شەربەت تەييارلىنىدۇ، سوغۇق سۇغا چىلاپ قويۇپ شىرنىسى ئىچىلىدۇ. هازىر ئالۇچىنىڭ سورتلىرى كۆپەيگەن بولسىمۇ، يەرلىك ئالۇچا يەنىلا خەلقىمىز ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان مېۋىلەرنىڭ بىرى.

## شاتۇت

شاتۇت — ئۈجمە دەرىخىگە ئوخشاش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ مېۋىسى ئۈجمىدىن چوڭ، مېۋىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى رەڭگى كۆك، پىشىش ئالدىدىكى رەڭگى قىزىل، پىشقاندىن كېيىنكى رەڭگى قارا، تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ. شاتۇتنى هۆل ئىستېمال قىلىسمۇ، قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىسمۇ بولىدۇ. شاتۇتنىڭ تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە گال ئاغرىقى، ئۈنى پۈتۈپ قېلىش، ئىششىق، هەر خىل قاپارتما كېسەللىكلىرىگە شاتۇت شەربىتى بېرىلىدۇ ياكى شاتۇت تالقىنى يېگۈزۈلىدۇ. شاتۇتنىڭ قۇرۇتۇلغان تالقىنىدا شاتۇت مۇراببىاسى، شاتۇت شەربىتى تەييارلىنىدۇ. شاتۇت دەرىخى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. شاخلىرى ئەتراپقا باراقسانلاپ ئۆسىدۇ. شاتۇت دەرىخى بىر ئائىلىدە بىر-ئىككى تۈپ بولسا بولىدۇ. ئەمما كۆپ مېۋىلەيدۇ. مېۋىسى بوران، يامغۇر قاتارلىق ئاپەتلەردىمۇ

ئاسان تۆكۈلۈپ كەتمەيدۇ. بەرگى مۇستەھكەم كېلىدۇ. شاتۇت دەرىخىنىڭ غولىمۇ ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ، تەبىئىي ئاپەتكە بەرداشلىق بېرىش كۈچى يۇقىرى، شاتۇتنى مەيلى ھۆل پېتى ئىستېمال قىلمايلى، مەيلى قۇرۇتۇپ تالقانلاپ ئىستېمال قىلمايلى، ئاساسەن ئۇ دورا ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. ھازىر بازارلاردا زامانىۋى ئۇسۇلدا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن شاتۇت مۇراببابىسى، شاتۇت تالقىنى، شاتۇت شەربىتى، شاتۇت كەمپۈتى قاتارلىقلار سېتىلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىلىرىدىمۇ مەخسۇس شاتۇتتىن ياسالغان تېبابەت دورىلىرى ياسىلىۋاتىدۇ. بەزى ئائىلىلەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شاتۇت دەرىخى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى كۆپەيتىۋاتىدۇ، قىسقىسى، شاتۇت تالقىنى خەلقىمىز تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىۋاتقان ياخشى مېۋىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## ئالما قېقى

ئالما قېقى — ئالمىنى ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئالمىنىڭ سورتى 30 خىلدىن ئارتۇقراق بولۇپ، ئۇلارنىڭ پىشىش ۋاقتى ئوخشىمايدۇ. يازلىق ئاق ئالما ياز ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ. ئاق ئالما ئوبدان پىشقاندا تاش پوستىنى سويۇۋېتىپ، ئىچكى ئۇرۇقى ۋە غولىنى ئېلىۋېتىپ، ئالمىنى پارچىلاپ بورا ئۈستىگە تىزىپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇپ نەم ھالەتتە يىغىۋالسا، رەڭگى ئاق، پاكىز، ناھايىتى چىرايلىق قۇرۇيدۇ. ئۇنى قىش، ئەتىياز كۈنلىرى ئىستېمال قىلسا، ئوخشاشلا ئالما تەمى تېپىدۇ، ئالما مۇراببابىسى ياساپ ئىستېمال قىلسا، ئوخشاشلا ئالما تەمى تېتىيدۇ، ئالما مۇراببابىسى ياساپ ئىستېمال قىلىشقىمۇ بولىدۇ. يازدا پىشىدىغان ئاق ئالما ياز ئوتتۇرىلىرىدا پىشقاچقا، ئۇنى ساقلاش ئەپسىز، ئەجدادلىرىمىز يازلىق ئالمىنىڭ بۇنداق ئاسان ئىسراپ بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنى قۇرۇتۇپ ئالما قېقى تەييارلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېمەكلىك تۈرلۈشىنى بېيىتقان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ 1 - توم، 176 - بېتىدە خەلقىمىزنىڭ ئالما ئىستېمال قىلغانلىقىغا ئائىت ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا خەلقىمىزنىڭ ئالما ئۆستۈرۈش، ئالما ئىستېمال قىلىش، ئالما مۇراببابىسى ياساش تارىخىنىڭ ئانچە قىسقا ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ھازىر ئالما سورتلىرىنىڭ كۆپىيىشى، قىش كۈنلىرىدە ساقلاش تېخنىكىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، قىشتا ساقلاشقا بولىدىغان ئالما سورتلىرىنىڭ يېتىشتۈرۈلۈشى سەۋەبلىك، ئاق يازلىق ئالمىنى قاق سېلىپ ئالما قېقى قۇرۇتىدىغان ۋە ئۇنى ئىستېمال قىلىدىغان ئادەتلەر ھازىر تارىخقا ئايلاندى. ئەمما يازلىق ئاق ئالمىدا ئالما مۇراببابىسى تەييارلاش ھازىرچە خېلى كۆپ ئائىلىلەردە مەۋجۇت، مەخسۇس ئالما مۇراببابىسى تەييارلاپ ساتىدىغان تىجارەتچىلەرمۇ خېلى كۆپ تېپىلىدۇ.

يۇقىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مېۋە - چېۋە قۇرۇتۇش ئۇسۇللىرى، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى، دورىلىق خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە توختالدۇق. كۆپلىگەن مېۋە - چېۋىلەر ھازىر ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا قۇرۇتۇلۇۋاتىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. بازار رىقابىتىدە يۇت دەسسەپ تۇرۇۋاتىدۇ. بەزىسىنى ئىستېمال قىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس، بەزىسى ئىستېمالدىن قالدى. ئەمما مېۋە - چېۋىلەرنى قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى دېيىشكە بولىدۇ. مېۋە - چېۋە قۇرۇتۇش گەرچە ئاددىي ئۇسۇلدەك كۆرۈنگىنى بىلەن تېبابەت ئىلمى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قۇياش نۇرىدىن پايدىلىنىپ قۇرۇتقان مېۋە - چېۋىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ۋە دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بولىدىغانلىقى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە. يەنە كېلىپ بەزى مېۋە - چېۋىلەرنى قۇرۇتۇش تېخنىكىسى خېلى يۇقىرى، مەشغۇلات جەريانى مۇرەككەپ، تارىخى ناھايىتى ئۇزاق، ئىستېمال قىلىنىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ھازىر قۇرۇتۇپ ساقلاش تېخنىكىلىرى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم مېۋە - چېۋىلەر ھېلىھەم ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا قۇرۇتۇلۇۋاتىدۇ. ئەگەر مېۋە - چېۋىلەرنى قۇرۇتۇش ئۇسۇللىرى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرۇلسا، مېۋىلىك باغلار تېخىمۇ كۆلەملەشتۈرۈلسە، مېۋە - چېۋىلەرنى قۇرۇتۇش پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلسە، شىنجاڭ مېۋە - چېۋىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى تېخىمۇ زور بولىدۇ. شۇڭا بۇلارنى تونۇشتۇرۇش كېيىنكى ئەۋلادلارنى خەۋەردار قىلىپ ئۆتۈش ئەھمىيەتلىك ئىش دەپ ئويلايمىز.

(ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# يىپەك يولى مىڭئۆيى تام رەسىملىرىدىكى فولكلور مەدەنىيىتى

جوۋ جېڭباۋ

**بىرىنچى، بۇددىزىم تام رەسىملىرىدىكى فولكلور مەدەنىيىتى**

كۇسەن مىڭئۆيلىرىدە نۇرغۇن يارالمىش (سانسكرىتچىدا «جاتاكا» دېيىلىدۇ) ھېكايىلەر بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بۇددىزىم ئەقىدىلىرى بايان قىلىنغان. ئەمما شەخسلەرنىڭ ئوبرازى، ئارقا كۆرۈنۈشى، سەرەمجان- جابدۇق قاتارلىقلار يەنە يانىي دۇنيادىن كەلگەن. مەسىلەن، «ۋىسۋانترا جاتاكا» يارالمىش ھېكايىسىدە، ۋىسۋانترانىڭ يالىڭاچ ئۇستىبېشى، بىر ساپال قاچىدا كىچىك ئېقىن بويىدا سۇ ئېلىۋاتقان كۆرۈنۈشى بار. ئۇنىڭ كەينىدە چېپىپ كېتىۋاتقان بىر ئات بولۇپ، ئاتقا يانىڭ كىرىچىنى تارتقان بىر ئادەم مىنىۋالغان. ۋىسۋانترانىڭ ئىدىش بىلەن دەريادىن سۇ ئېلىۋاتقان ئوبرازىنى بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ.

يەنە مەسىلەن، «دېڭىزغا كىرىپ گۆھەر ئىزدەش» يارالمىش ھېكايىسىدە، ساخاۋەتچى شاھزادە داشىنىڭ ئىتتىك ئېقىندا يالاڭ ئاياغ تۇرغانلىقى، بىر قولىدا بىر كوزا تۇتۇپ، بىر قولىدا ئۇنىڭغا سۇ ئۇسسۇۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. داشىنىڭ تېنى يالىڭاچ، يوپكىسى ئىشتىنىنىڭ بېلىگە قىستۇرۇپ قويۇلغان بولۇپ، ئىككىلا پۇتىنىڭ كۆپ قىسمى يالىڭاچ. بۇ جىددىي ئېقىندىن ئۆتۈۋاتقان بىر كىشىنىڭ ھەقىقىي ئوبرازى. ئۇنىڭ قولىدىكى كوزىنىمۇ ھازىرقى شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا دائىم كۆرگىلى بولىدۇ.

تاشپاقىنىڭ ئۆزى قۇتقۇزغان سودىگەرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى توغرىسىدىكى يارالمىش قىسسەسىدە

مۇنداق بىر ۋەقەلىك بار: باراناس (بەزى ئەسەرلەردە «ۋەرەنەست، ۋاراخاسى، ۋىكراماچىلا» دەپمۇ ئېلىنىدۇ) ئېلىدە بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى «ۋاپاسىز» ئىدى. بىر كۈنى ئۇ نۇرغۇن سودىگەرلەر بىلەن دېڭىزغا ئۈنچە-مەرۋايىت تەرگىلى باردى، راكشاسلار (جىن-ئالۋاستىلار)غا ئۇچراپ، كېمە ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالدى، بۇ چاغدا ئۇلار داد-پەرياد كۆتۈرۈپ نالە قىلىپ، ئىلاھنىڭ ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى تىلىدى. دېڭىزدا دۈمبىسى بىر چاقىرىم كېلىدىغان ناھايىتى چوڭ بىر تاشپاقا بار ئىدى، سودىگەرلەرنىڭ داد-پەريادىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا رەھىمى كېلىپ، ئۇلارنى ئۈستىگە ئېلىپ قىرغاققا چىقىرىپ قويدى. «ۋاپاسىز» سودىگەر ۋاپاغا جاپا قىلىپ، تاشپاقىنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ ئۇنى يېدى، شۇ كېچىسى «ۋاپاسىز» بىلەن بىللە تاشپاقىنىڭ گۆشىنى يېگەنلەر بىر توپ پىلنىڭ دەسسەپ ئۆلتۈرۈشى بىلەن جاجىسىنى يېدى. رەسىمدە دېڭىزدىن چىققان تاشپاقىنىڭ دۈمبىسىدە كۆسەنچە كىيىم كىيگەن ئۈچ كىشى بار ئىدى. بۇ كۆسەن كىيىملىرى ھازىرقى شىنجاڭدىكى كىشىلەرنىڭ كىيىملىرى بىلەن ئوپمۇئوخشاش.

سابونىڭ قولىنى مەشئەل قىلىپ يول باشلىشى يارالمىش قىسسەسىدە، 500 سودىگەر سەپەر ئۈستىدە بىر قاراڭغۇ جىلغىغا كىرىپ قېلىپ ماڭالماي قالدى. سودىگەرلەر قاراقچىلارنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى بۇلاپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئېغىر ساراسىمىگە چۈشتى. سودىگەر سابو ئاق كىگىزنى بىلىكىگە ئوراپ، مايغا چىلاپ، ئوت يېقىپ مەشئەل قىلىپ، سودىگەرلەرگە يول باشلىدى. يەتتە كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئاندىن بۇ جىلغىدىن چىقتى. سودىگەرلەر ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن مىننەتدار بولدى. رەسىمدە سابو كۆيۈۋاتقان ئىككى بىلىكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭغان، كۆسەنچە كىيىم كىيگەن سودىگەرلەر ۋە يۈك ئارتىلغان تۆگىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلىكى سىزىلغان. بۇ قولىنى كۆيدۈرۈپ يول باشلىغان سابو دەل قەدىمكى كۆسەنلىك بولۇپ، بۇ قىسسەدە قەدىمكى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ باشقىلارنى قۇتقۇزۇشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتىگە مەدھىيە ئوقۇلغان.

يارالمىش ھېكايىلىرىدە بۇددانىڭ ئالدىنقى ھاياتىدىكى تۈرلۈك ئىشلىرى بايان قىلىنىدۇ. بۇددانىڭ ئالدىنقى ھاياتىدىكى پادىشاھ، شاھزادە بولغان ۋاقتىدىكى كىيىم-كېچەكلىرىدە ھىندىستان ئالاھىدىلىكى بولغاندىن سىرت، باشقا شەخسلەرنىڭ كۆپ قىسمى كۆسەنلىك يەرلىك شەخسلەرنىڭ ئوبرازىدۇر. بولۇپمۇ سودىگەرلەر تامامەن يىپەك يولىدىكى غەربىي يۇرت ياكى كۆسەن سودىگەرلىرىنىڭ قىياپىتىگە ئوخشاش جانلىق، تېتىك. مەسىلەن، «ناگاراجانىڭ سودىگەرلەرنى قۇتقۇزۇشى»، «تۇلپارنىڭ سودىگەرلەرنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈشى» قاتارلىق يارالمىش ھېكايىلىرىدىكى سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى غەربىي يۇرتنىڭ «غۇزچە كىيىملىرى»نى كىيگەن، مالىخاي ئۆتۈك كىيگەن، پوتا باغلىغان، تۆگە ياكى ئېشەك ھەيدىگەن بولۇپ، قەدىمكى ھىندىستان سودىگەرلىرىنىڭ ئوبرازىغا قەتئىي ئوخشىمايدۇ. غەربىي يۇرت سودىگەرلىرىنىڭ ئوبرازىنى قوللىنىش، شۈبھىسىزكى، كىشىلەرگە تونۇش بولغان ئوبرازلار ئارقىلىق بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى بىلىشكە ئىلھام بېرىش ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇمۇ يىپەك يولىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسىدۇر.

كۆسەن مىڭئۆيلىرىدە يەنە نۇرغۇن ۋەج-سەۋەب ھېكايىلىرى رەسىملىرى بار، ئۇلارنىڭ مەزمۇنىمۇ بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى بايان قىلىشقا بېغىشلانغان. ئەمما شەخسلەرنىڭ ئوبرازى، ھەرىكەتلىرى خۇددى كىشىلەرنىڭ تەق-تۇرقىنى سىزىشتىن كەلگەن رەسىملەردەك كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن، قىزىل مىڭئۆي 224-نومۇرلۇق غارنىڭ ئەگمە تورۇسىدىكى ۋەج-سەۋەب ھېكايىسىدە، بىر بۇتنىڭ رەسىمى سىزىلغان، بۇتنىڭ يېنىدا ئۈچىسى يالىڭاچ، تېرىسى قارا، كۆك رەڭلىك كالتە يوپكا، قىرلىق ئېگىز قالپاق كىيگەن بىر ئادەم تۇرىدۇ. ئۇ قولىدا بىر قاچا تۇتۇۋالغان، قاچىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان؛ يەنە بىر پارچە رەسىمدىمۇ بۇت سىزىلغان بولۇپ، ئۈچىسى يالىڭاچ، تېرىسى ئاق، كۆك رەڭلىك كالتە يوپكا كىيگەن بىر ئادەم بۇتنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان، ئىككى قولىدا بىر يۆگىمە قەغەز تۇتقان؛ بۇت سىزىلغان يەنە بىر رەسىمدىمۇ بۇتنىڭ يېنىدا بىر ئۈچلۈق قالپاق كىيگەن، ئىككى قولىدا بىر بەل دۇمباق تۇتۇپ چېلىۋاتقان ئادەم تۇراتتى؛ بۇتنىڭ رەسىمى سىزىلغان بىر پارچە رەسىمدە بۇتنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر ئادەم بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرگەن، قولىغا بىر جوتكا ئېلىۋالغان بولۇپ، بۇت ئۈچۈن چاڭ-توزانلارنى تازىلاۋاتاتتى. گەرچە بۇ تام رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگىنى

دىنىي ھېكايىلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ئوبراز ۋە ئىلھام دەل خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىن كەلگەن.

قىزىل مىڭئۆيي 175 ـ نومۇرلۇق غاردا «ساكيامۇنىنىڭ ئېتىزدا قوش تارتىۋاتقان ئۆيلارنى كۆرۈپ ‹ھايۋانلار ئازاب ـ ئوقۇبەت چېكىۋاتىدۇ› دەپ ئويلىغانلىقى» ناملىق بىر پارچە رەسىم بار، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ كۆرۈنۈش دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بىر كۆرۈنۈش مۇنداق: ئۈچىسى يالىڭاچ بىر دېھقان قولىدا بىر چوماق كۆتۈرۈۋېلىپ، ئىككى كالىنى ھەيدەپ يەر ئاغدۇرۇۋاتاتتى. ساپان چىشى يېشىل تاش بوياق رەڭگىدە بولۇپ، ئۇنىڭ بىر خىل تۆمۈر ئەسۋاب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يەر تاختا يەر شەكلىدە سىزىلغان. يەنە بىر كۆرۈنۈش مۇنداق: بېشىغا مالخاي كىيگەن، ئۈچىسى يالىڭاچ ئىككى دېھقان بىر خىل بېسى كەڭ تۆمۈر گۈرجەكنى پۇلاڭلىتىپ يەرنى تىلىغاۋاتاتتى، يەرمۇ تاختا شەكلىدە سىزىلغانىدى. 3 ـ كۆرۈنۈش مۇنداق: ئىككى كۇلالچى يەردە ئولتۇراتتى، بىرسى بىر ساپال قاچا ياساۋاتاتتى. يېنىدا ياسىلىپ بولغان ئوخشاش تۈردىكى بىر نەچچە ساپال قاچا قويۇپ قويۇلغانىدى. بۇ ساپال قاچىلار ئۈچ قۇلاقلىق بولۇپ، ئېگىز بويۇن، بادالڭ قورساق ئىدى. يەنە بىرسى خام ساپال ياساۋاتاتتى. قىزىل مىڭئۆيلەر تونۇشتۇرۇلغان نۇرغۇن ماقالىلەردە، ئالدىنقى ئىككى كۆرۈنۈش ھەمىشە «تېرىقچىلىق كۆرۈنۈشى» دەپ، كېيىنكى بىر كۆرۈنۈش «ساپال ياساش كۆرۈنۈشى» دەپ ئاتىلىپ كەلدى. ئۇلار ھەقىقەتەن ئەينى دەۋردىكى كۇسەن جەمئىيىتىدىكى دېھقانچىلىق تۇرمۇشى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەھۋالىنى چىن سۈرەتلەپ بەرگەن ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي رەسىملەر ھېسابلىنىدۇ. يارالمىش، ۋەج ـ سەۋەب، بۇدداھانىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدىكى ھېكايىلەردىكى ئاياللارمۇ كۇسەنلىكلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن يارىتىلغان ئوبرازلاردۇر. مەسىلەن، يارالمىش قىسسەلىرىدىكى «بامۇجاتتانىڭ كۆكسىنى سەدىقە قىلىشى»، ۋەج ـ سەۋەب قىسسەلىرىدىكى «ئايالنىڭ خاتالىشىپ بالىسىنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىشى»، «خارىتىنىڭ بالىسىنى يىتتۈرۈپ قويۇشى»، «مۇناجاتىنىڭ بۇدداغا تۆھمەت قىلىشى»، «سۇماتى قىزنىڭ بۇدداھانى تەكلىپ قىلىشى»، بۇدداھانىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدىكى قىسسەلەردىكى «ئالۋاستىنى ئەل قىلىش»تىكى يەر مۇئەككىلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە كۇسەن قىز ـ ئاياللىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىشلىتىلگەن. «نامرات قىز ناندانىڭ چىراغ ساخاۋەت قىلىشى»دىكى نامرات قىزنىڭ كىيىنىشى ناھايىتى ئاددىي ـ ساددا، نەپىس ھەم كۆركەم بولۇپ، كۇسەنلىك قىز ـ ئاياللار ئوبرازىنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسىدۇر. بەزى غارلاردىكى نىرۋانادىكى بۇدداھاغا ساخاۋەت قىلغۇچى ئاياللارمۇ كۇسەن ئاياللىرىنىڭ ئادىتى بويىچە كىيىنگەن. قىزىل مىڭئۆيلىرىدىكى بەزى غارلاردىكى رەسىملەردە ئاياللارنىڭ يالىڭاچ رەسىملىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ قىسسەلەرنىڭ مەزمۇنى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، سىرتتىن كەلگەن «بوياق»لارغا ئاساسەن سىزىلغان. بۇددىزم دەسلەپ كۇسەنگە تارقالغان بولغاچقا، ھىندىستاننىڭ يالىڭاچ تەن سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى مۇقەررەر. ئەمما بۇددىزمنىڭ يەرلىكتە تارقىلىشىغا، يەرلىك فولكلور مەدەنىيىتىگە تەدرىجىي سىڭىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، بەزى پۈتۈنلەي يالىڭاچ ئوبرازلار يەرلىكنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئېستېتىك ھەۋەسلىرىگە ماس كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ يەرلىك ئاياللار ئوبرازى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ تام رەسىملىرىگە كىرىشىنىڭ ئۆز يولى بىلەن بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

**ئىككىنچى، ساخاۋەتچىلەر رەسىملىرىدىكى فولكلور مەدەنىيىتى**

ساخاۋەتچىلەر — سەدىقە بەرگۈچىلەر بولۇپ، بۇددىزم ئىبادەتخانىلىرىغا مال ـ مۈلۈك سەدىقە قىلغۇچى مۇخلىسلارنى كۆرسىتىدۇ. غەربىي يۇرتتىكى بۇددىزم ساخاۋەتچىلىرى ھەققىدە ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ يادىغا كېلىدىغىنى غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەردىكى خان ـ پادىشاھلاردۇر. شۈەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا ساياھەت خاتىرىسى»نىڭ كانىشكا ماددىسىدا «خېشى بېگى قورقۇش ھېس قىلىپ، ئوغلىنى كانىشكا خانى قېشىغا تۇرغاقلىققا ئەۋەتتى. بۇ تۇرغاق دەل كېيىنكى سۇلى بېگى چىن پەن ئىدى. ئۇ تاغ ـ داۋانلار ئايرىپ تۇرغان يۇرتنى ئېسىدىن چىقارماي كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ۋە ساخاۋەتچى بولغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ، ئېھتىمال، غەربىي يۇرتتىكى خان ـ پادىشاھ ساخاۋەتچىلەر ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە بولسا كېرەك. ئىدىقۇت

خانلىقىدىن بۇرۇنقى «لياڭ پادىشاھلىقى چېچىۋ جەمەتىدىن بولغان ئەن جوۋنىڭ قەبرە تېشى»دا تۇنجى قېتىم تۇرپاندا قۇرۇلغان، خېشىدىكى يەرلىك بۆلۈنمە ھاكىمىيەت جۇي چۇي (沮渠氏)جەمەتىنىڭ بىر قېتىملىق ئىبادەتخانا ياساش پائالىيىتى خاتىرىلەنگەن. مەيلى ئىدىقۇتتىكى مىڭئۆيلەر بولسۇن ياكى كۇسەندىكى مىڭئۆيلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ زور كۆپ ساندىكىلىرى ساخاۋەتچىلەرنىڭ پۇل چىقىرىشى بىلەن ياسالغان. بەزى غارلارنىڭ ئىچىدىن ساخاۋەتچىلەرنىڭ رەسىملىرىنى دائىم كۆرەلەيمىز، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ساخاۋەتچىلەرنىڭ رەسىملىرى سەل كىچىك بولۇپ، ھەممىشە تامنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى كۆزگە چېلىقمايدىغان يەرلەرگە تىزىلىنىپ ئولتۇرغان ھالەتتە سىزىلغان. كېيىنچە ساخاۋەتچىلەر رەسىملىرى تەدرىجىي چوڭىيىپ، ئورنىمۇ ئاساسلىق ئۆيلەرنىڭ ئالدى تاملىرىنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە ۋە ئوڭ-سول كارىدورلارنىڭ ئىككى يان تاملىرىغا يۆتكەلگەن، بەزى سالاھىيىتى نىسبەتەن يۇقىرى ساخاۋەتچىلەرنىڭ رەسىمى «نوم نوملاش ھېكايىسى رەسىمى»گە سىزىپ كىرگۈزۈلگەن.

كۇسەن مىڭئۆيى تام رەسىملىرىدە، ئاساسلىقى كۇسەنلىك ساخاۋەتچىلەرنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان بولۇپ، سانى كۆپ. مەسىلەن، قىزىل مىڭئۆيىدىكى 104-نومۇرلۇق غارنىڭ سول تەرەپتىكى كارىدورىنىڭ سول تەرەپتىكى تام ۋە ئوڭ تەرەپتىكى كارىدورىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى تامغا كۇسەن ساخاۋەتچىلىرىنىڭ رەسىمى سىزىلغان. ئۇلار قايرىما ياقا، پەشلىرى قاتلانغان، يېڭى تار نىمچە كىيگەن، بېلىگە بەلقۇ باغلىغان، بەزىلىرى قولىدا يېمەكلىك بىلەن تولغان بىر قاچىنى كۆتۈرۈۋالغان. بەزىلىرى قولىدا بىر تال نىلۇپەر تۇتقان. ئۇلارنىڭ يۈز شەكلى يېسسى يۇملاق، سوقچاق، دۈگىلەكتىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولۇپ، قاشلىرى ئېگىز، كۆزلىرى يۇپيۇملاق، ئېغىزلىرى سەل-پەل ئېچىلغان، قىزىل مىڭئۆيى 1-نومۇرلۇق غارنىڭ سول تەرەپتىكى كارىدورىنىڭ سول تەرەپتىكى تېمىدىمۇ بىر كۇسەنلىك ساخاۋەتچىنىڭ رەسىمى بار، ئۇ ئۇچىسىغا قايرىما ياقىلىق، پەشلىرى قايرىلغان، جىيەك تۇتۇلغان، يېڭى تار نىمچە كىيگەن، چېچىنى تاۋار-دۇردۇن بىلەن چەككەن بولۇپ، گەدىنىدە ياغلىقى لەپىلدەپ تۇرىدۇ، بېلىنى بەلقۇر بىلەن باغلىغان، بېلىنىڭ يانلىرىغا بىر شەمشەر ۋە خەنجەر ئاسقان. ئۇ بىر قولىدا شەمشەرنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا يېنىۋاتقان چىراغنى تۇتقان، بەدىنىنىڭ كەينىدە يامغۇر يېغىۋاتقان كۆرۈنۈش بار.

قىزىل مىڭئۆيى 8-نومۇرلۇق غارنىڭ ئوڭ-سول كارىدورىدىكى تامغا سىزىلغان كۇسەنلىك ساخاۋەتچىلەر ناھايىتى چىرايلىق ئۇزۇن چاپان كىيگەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەسىقىلەردىكى «ئەر-ئاياللارنىڭ ھەممىسى كالتە چاچ قويىدۇ» دېگەن خاتىرىلەر بىلەن بىردەك، ئۇلار، ئېنىقكى، ئەينى دەۋردىكى كۇسەن دۆلىتىدىكى خان-پادىشاھ، ئاقسۆڭەكلەر ياكى ھەربىي، رىتسارلاردۇر. قىزىل مىڭئۆيى 205-نومۇرلۇق غارنىڭ سول تەرەپتىكى كارىدورىنىڭ سول تېمىدا بىر كۇسەنلىك ساخاۋەتچىنىڭ رەسىمىنىڭ قالدۇقى بار. ئۇ تاۋار-دۇردۇنلار بىلەن چېچىنى بۇغقان، گەدىنىدە ياغلىقلىرى لەپىلدەپ تۇرىدۇ، بۇ ۋەسىقىلەردىكى «ئۇلارنىڭ پادىشاھى بېشىغا رەڭلىك لېنتىلارنى چىگىدۇ، لېنتىلار بويۇنلىرىدا ساڭگىلاپ تۇرىدۇ» «پەقەت پادىشاھلا چېچىنى كەسمەيدۇ»، «پادىشاھلار كۆركەم باش كىيىملەرنى، كىمخاب تونلارنى كىيىپ، گۆھەرلەرنى ئېسىپ يۈرىدۇ» دېگەن خاتىرىلەر بىلەن بىردەك. ئۇ، ئېنىقكى، كۇسەن دۆلىتىنىڭ بىر پادىشاھى كۇسەن خانى توتىكا ۋە ئۇنىڭ خانىشى (قىزىل مىڭئۆيى 205-نومۇرلۇق غار، مىلادى 7-ئەسىر).

قۇمتۇرا مىڭئۆيى 46-نومۇرلۇق غارنىڭ سول تەرەپتىكى كارىدورىنىڭ سول تېمى، ئوڭ تەرەپتىكى كارىدورىنىڭ ئوڭ تېمىغا كۇسەنلىك ساخاۋەتچىلەرنىڭ رەسىمى سىزىلغان. ئۇلار قايرىما ياقىلىق، پەشلىرى قاتلانغان، يېڭى تار نىمچە كىيگەن، بېلىگە بەلقۇر باغلىغان، كىيىم-كېچەك ماتېرىياللىرى قېلىندەك تۇيغۇ بېرىدۇ، رەڭلىرىنىڭ بەزى جايلىرى تۇم قارا، ئەمما كۆپ يەرلىرى چاقماق ياكى باشقا رەڭلىرى سۇس، يەنە كىيىمنىڭ ياقىسى بىلەن پەشلىرىگە ھەر خىل رەڭلەردە جىيەك تۇتۇلغان، قارىماققا ناھايىتى پۇزۇر كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر قولىدا بېلىدىكى خەنجەرنى تۇتقان، يەنە بىر قولىدا يېنىۋاتقان چىراغنى كۆتۈرۈۋالغان. قىزىل مىڭئۆيى 189-نومۇرلۇق غارنىڭ سول تېمىغىمۇ ئۈچ كۇسەنلىك ساخاۋەتچىنىڭ رەسىمى سىزىلغان، ئۇلار قايرىما ياقىلىق، پەشلىرى قاتلانغان، يېڭى تار نىمچە كىيگەن، بېلىگە

بەلقۇر باغلىغان. بەزى ئۈززۈن چاپانلاردا قىيپاش چاقماق-
لىق گۈللەر بار، بەزى نىمچىلەرنىڭ ياقا ئۇچى، پەشلىرى-
گە ھەر خىل رەڭلەردە جىيەك تۇتۇلغان، بەزى نىمچىلەر-
دە ئازراق گۈل، يول-يول سىزىقچىلار بولۇپ، ناھايىتى
دۆلەتمەن، پۇززۇر كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ بېلىنىڭ ئوڭ ۋە
سول تەرەپلىرىگە بىردىن شەمشەر ۋە خەنجەر ئېسىلغان،
پۇتلىرىغا ئۆتۈك كىيگەن. ئۇلار قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ
سالام قىلىپ تۇرغان، ئۈززۈن غوللۇق گۈل تۇتۇۋالغان.

قۇمتۇرا مىڭئۆيى 46-نومۇرلۇق غارنىڭ سول تە-
رەپتىكى كارىدورىنىڭ سول تېمى، ئوڭ تەرەپتىكى كارىد-
ورىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى تېمىدىكى ساخاۋەتچىلەر رەسىمە-
دىكى كىيىمنىڭ رەختى قېلىندەك تۇيغۇ بېرىدۇ، چۈنكى
ئۇ بىر خىل ماتا. قىزىل مىڭئۆيى 189-نومۇرلۇق غارنىڭ
سول تېمىدىكى كۇسەنلىك ساخاۋەتچىنىڭ كىيىم-كېچەكلى-
رى ھەر خىل رەڭلەردە جىيەك تۇتۇلغان بولماستىن،
بەلكى ھەر خىل ئوخشاش بولمىغان رەڭلەردىكى يۇڭ
يىپلاردىن توقۇلغان، ھەر خىل ئوخشاش بولمىغان تەگ
رەڭگى ۋە گۈل، سىزىقلارنى شەكىللەندۈرگەن.

كۇسەن مىڭئۆيي تام رەسىملىرىدىكى ساخاۋەتچىلەر-
نىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئۆرە تۇرغان ھالەتتە، ئەمما
قىزىل مىڭئۆيى 192-نومۇرلۇق غارنىڭ سول تەرەپتىكى
كارىدورنىڭ سول تەرەپتىكى تام رەسىمدە يۈكۈنۈپ
ئولتۇرغان بىر نەچچە كۇسەنلىك ساخاۋەتچى بار، ئۇلار
قايرىما ياقىلىق، پەشلىرى قاتلانغان، يەڭلىرى تار ئۈززۈن
چاپانلارنى كىيگەن، بەلقۇر باغلىغان، قوللىرىدا بىردىن
ئۈززۈن غوللۇق گۈل تۇتقان، يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان.

كۇسەن ساخاۋەتچىلەر رەسىملىرىدىن بىز قەدىمكى
كۇسەندىكى ھەرقايسى تەبىقىدىكى شەخسلەرنىڭ ئوبرازى-
نى كۆرەلەيمىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «بېشىغا رەڭلىك لېنتى-
لارنى چەڭگەن، كىمخاب چاپان كىيگەن، ئېسىل بەلباغ-
لارنى باغلىغان» پادىشاھلارمۇ، «قىسقا چاچ قويغان، بو-
يۇنلىرىنى ئېگىپ تۇرغان، كىمخاب چاپان، تاۋار-دۇردۇن-
لارنى كىيگەن» بەگ، تۆرە ئاقسۆڭەكلەر، ھەربىي، رىيا-
سارلارمۇ بار، ئۇلار پۇل چىقىرىپ مۇشۇ مىڭئۆيلەرنى يا-
ساتقان كىشىلەردۇر. ئۇلار بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش
ۋە ساۋاب تېپىش ئۈچۈن، ئۆزلىرى ۋە ئائىلە تەۋەلىرى-
نىڭ ئوبرازىنى مىڭئۆيلەرگە سىزدۇرغان، بىزنىڭ قەدىمكى
كۇسەن جەمئىيىتىدىكى مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەرنى، مىللىي
ئالاھىدىلىك ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى تەتقىق قىلىشىمىز
ئۈچۈن قىممەتلىك مەلۇماتلارنى قالدۇرغان.

بېزەكلىك مىڭئۆيي تام رەسىملىرىدىكى ساخاۋەتچى-
لەر ئوبرازىدا ئۇيغۇرلار (回鹘人)دىكى باتۇرلۇق، جە-
سۇرلۇق، جەڭگىۋارلىق بار بولۇپ، كۆچلۈك-چەبدەسلى-
كى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە كۇسەن
مىڭئۆيي تام رەسىملىرىدىكىدەك ئۇنداق «S» شەكىللىك
تولغىنىپ تۇرغان قىياپەت يوق، دۇنخۇاڭدىكىدەك
ئۇنداق ئورۇق، زىلۋا بەدەن تېپلىرىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.
كۆپلىگەن شەخسلەر ئومۇمەن ئۆرە تۇرغان، ناھايىتى قا-
مەتلىك، كېلىشكەن. ئۇيغۇر رەسساملار پېرسوناژلارنى تە-
بىئىي گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئاناتومىيەس-
گىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن، دائىم سىزىقچىلار بىلەن
جەينەك، تىز بوغۇملىرى ياكى «مىخ» شەكىللىك سۆڭەك-
لەرنى ئېنىق سىزىپ، پېرسوناژلارنى ناھايىتى قاۋۇل،
بەستلىك، كۈچلۈك كۆرۈنىدىغان قىلغان. ئۇلارنىڭ
جەسۇر، جەڭگە ماھىر سالاپىتىنى ئىپادىلىگەن. پېرسوناژ-
لارنىڭ يۈزى سوزۇنچاق، سېمىز ھەم پارقىراق بولۇپ،
ئۈززۈن قاشلىرىنىڭ ئۇچى سەل-پەل كۆتۈرۈلگەن، كۆزلى-
رى سۆگەت يوپۇرمىقى شەكلىدە، كۆز قارىچۇقى قاپقارا،
ئېغىزى كىچىك، بۇرنى تۈز ئىكەنلىكىمۇ بۇنى ئىپادىلەپ
بېرىدۇ. پۈتكۈل ھەيكەللەر ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىملىقلىقى،
ئۆزلۈكى، ساغلاملىقى ۋە ئاددىي-ساددا گۈزەللىك قارى-
شىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بىزنى قەدىمكى ئىدىقۇت
فولكلور مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتە ئوبرازلىق مەلۇماتلار
بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

**ئۈچىنچى، مىڭئۆيي تام رەسىملىرىدىكى كىيىم-
كېچەكلەردىكى فولكلورىستىك ئالاھىدىلىكلەر**

شىنجاڭدىكى مىڭئۆيي تام رەسىملىرىدىن بىز دائىم پا-
دىشاھ ۋە ۋەزىرلەرگە مۇناسىۋەتلىك كىيىم-كېچەكلەرنى
كۆرەلەيمىز. مۇرەككەپ ئىشخىملاردىن كىيىملەرنىڭ سۈ-
پىتىنىڭ ياخشى، پۇختا، قېلىن ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.
ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللار تېرە، رەخت، مىس، تۆمۈر قاتار-
لىق نەقىش قويۇلۇپ قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، پاسون جە-
ھەتتىن ساۋۇتقا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما ھەقىقىي جەڭچىلەر-
نىڭ ساۋۇتلىرىدىن پەرقلىنىدۇ، ئېھتىمۇ دىنىدىن خالىيلاشقان

بولۇپ، ناھايىتى مودا ۋە چىرايلىق. مەسىلەن، كىيىملەر-نىڭ كۆپ قىسمى يۇملاق ياقىلىق، ئەمما جەڭچىلەرنىڭ كىيىملىرىنىڭ تولىسى تىك ياقىلىق بولۇپ، خەنجەر ياكى شەمشەرلەرنى ئېسىۋالغان. پادىشاھلارنىڭ ئۇچىسىدا كۆپ قاتلاملىق كىيىملەر، دوللۇق، يا ئوقى، چاڭگاك، ئوقدان، غىلاپلار بار. كىيىملەرنىڭ پاسونىدا گاچا پالشوپكا شەكلى بار، ئىچ كۆڭلەكلەرنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالغان چاپانلار ناھايىتى ياراشقان، چاپاننىڭ ئېتىكى كاناي شەكلىدە. يۇملاق ياقىنىڭ ئوڭ-سول تەرىپى چاپاننىڭ پېشىگە ناھايىتى ماس كەلگەن بولۇپ، ئوڭ تەرەپكە قايرىما ياقا شەكىللىك، ئوڭ-سولغا قوش قايرىما ياقا شەكىللىك كەلگەن. تونلارنى ئۇزۇن يەڭ ۋە قىسقا يەڭ دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۇزۇن يەڭ بەدەنگە چىپ كېلىدۇ، يەڭ ئېغىزى كىچىك، پۇتلىرىغا ئۇچى ئۇچلۇق ئۆتۈكلەرنى كىيگەن.

ئۆتۈكلەردىكى ئوخشاش بولمىغان ئىسخىمىلار ۋە رەڭلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇچى ئۇچلۇق ئۆتۈكلەرگە ھەر خىل ئوخشاش بولمىغان رەڭلەردىكى تېرىلەر ئىشلىتىلگەن، پىچىپ قۇراشتۇرۇلۇپ نەقىش-جىيەكلەر سېلىنغان، بەزىلىرى قارا رەڭلىك، ھەر تۈرلۈك گۈل ۋە رەڭلىرىمۇ بار. شىنجاڭنىڭ قۇمۇل ناھىيەسى قارادۆۋە كوممۇناسى سۇ ئامبىرى ئەتراپىغا جايلاشقان قەدىمكى قەبرىستانلىق رايونىدىن يىل دەۋرى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر چىن، خەن دەۋرىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدىغان يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ۋە كۆن بۇيۇملار چىققان. يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار بەدەنگە چىپ كىيىملەر بولۇپ، رەڭگى ئوچۇق، كۆپ خىل رەڭلەر بار، كاتەكچە ۋە رەڭدار يوللۇق ئىسخىمىلىرى بار؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يۇڭ كەشتە بۇيۇملىرى، ئېنى قىزىل رەختلەرگە سېرىق رەڭدە كەشتە كەشتىلىگەن، ئىسخىمىلار ئىچىدە ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىمۇ كۆپ بولۇپ، كۆركەم، يارىشىملىق، تېرە بۇيۇملاردىن ئۇزۇن تېرە ئىشتان، ئۆتۈكلەر بار. ئۆتۈكلەردە مىس بېزەكلەر بار. خۇرۇم بۇيۇملار ناھايىتى يۇمشاق، ئەۋرىشىم بولۇپ، بۇ تېرە ئاشلاش سەۋىيەسىنىڭ نىسبەتەن يۇقىرىلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. قەدىمكى غەربىي يۇرتتا، كىشىلەر ناھايىتى بۇرۇنلا قوي يۇڭىدىن رەخت توقۇپ كىيىم تىكىپ كىيىشنى، كالا تېرىسىدىن ئۆتۈكلەرنى تىكىشنى بىلگەن ھەمدە كىيىم-كېچەك ۋە ئۆتۈكلەرنى بېزەش، زىننەتلەش ھۈنىرىنى بىلگەن. پادىشاھ، ۋەزىرلەرنىڭ بۇ تۈردىكى كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ پەش، ئېتەكلىرى، يەڭ ئېغىزى، ياقا ئۇچىنىڭ گىرۋەكلىرىگە ئوخشاش بولمىغان رەڭلەردە چىلتەك، تۇقۇچ، جىيەكلەر تۇتۇلغان. جىيەكلەرنىڭ ماتېرىياللىرىدىن يەككە رەڭلىكى، ھەر خىل رەڭلەردىن ماسلاشتۇرۇلغان ئىسخىمىلار بار. پادىشاھ، ۋەزىرلەرنىڭ چاچ پاسونلىرى ئوتتۇرىدىن ئايرىلغان، مۈرىسىگە كەلگۈدەك قىسقا چاچلاردىن ئىبارەت. پادىشاھلارنىڭ بېشىنىڭ كەينىدە نۇر چەمبىرىكى بولۇپ، كىينىشلىرى ۋەزىرلەرنىڭكىدىن ئېسىل ۋە پۇزۇرلۇقى بىلەن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى خانىشلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ئۈستى كىيىم ۋە ئاستى كىيىم دەپ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. ئۈستى كىيىملىرى بەدەنگە چىپ كېلىدىغان بەل يىغما كالتە كىيىملەر بولۇپ، يۇملاق ياقىسىنى ئوڭ-سول تەرەپكە قايرىلغان، قىسقا يەڭلىك يەڭ ئېغىزى ۋە كىيىملەرنىڭ ئېتەكلىرىنىڭ گىرۋەكلىرى كاناي شەكلىدە. كىيىملەرنىڭ پەشلىرى ئېچىلىپ تۇرغان، قىسقا يەڭلىك تاش كىيىملەرنىڭ ئىچىگە بەدەنگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن يەڭلىك كىيىملەرنى كىيگەن. بەزى ئۈستى كىيىملەرنىڭ سىرتىدا دوللۇق بېزەكلىرى بار. بۇخىل پاسوندىكى كىيىملەرنىڭمۇ ئوخشاشلا ياقا، يەڭ ئېغىزى ۋە پەشلىرى ئايرىلغان يېرى ۋە ئېتەك گىرۋەكلىرىگە ئوخشاش بولمىغان رەڭلەردە چىلتەك تۇتۇلغان، بەلنىڭ تۆۋەن قىسمىغا كەڭ، ئازادە ئۇزۇن يوپكىلارنى كىيگەن. مەسىلەن، قىزىل مىڭئۆي 205 - نومۇرلۇق غاردىكى خانىشنىڭ يوپكىسىنىڭ كۆرۈنۈشىدىكى ئىسخىمىلار ناھايىتى چىرايلىق.

شىنجاڭدىكى مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە ئادەتتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن، قىزىل مىڭئۆي 175-نومۇرلۇق غاردا جىن دەۋرىگە ئائىت بىر «تېرىقچىلىق كۆرۈنۈشى» بار. رەسىمدە ئىككى دېھقان قوللىرىدا كەڭ بىسلىق گۈرجەك تۇتۇپ يەر ئاغدۇرۇۋاتىدۇ. بېشىغا غەربىي يۇرت مالخىيىنى كىيگەن، ئۇچىسى يالىڭاچ، تۆۋىنىگە كالتە ئىشتان كىيگەن. يەر چاغلايدىغان قورال ھازىرقى ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىشلىتىدىغان كەتمەن بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يەنە

بىر «تېرىقچىلىق كۆرۈنۈشى»دە بىر دېھقاننىڭ ئىككى كالىنى ھەيدەپ يەر ئاغدۇرۇپ تېرىقچىلىق قىلىۋاتقانلىقى سىزىلغان. ئۇ ئۇچىسىغا «تون» كىيگەن، ئاستىغا رەخت ئىشتان كىيگەن بولۇپ، تون ئېتىكىگە پاختا سېلىنمىغان كالتە چاپان. كىيىنىشىنىڭ ئاددىي- ساددىلىقى دېھقانلار تۇرمۇشىنىڭ جاپالىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، كۆسەنلىكلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۆتۈك كىيىدۇ، بەلباغ مۇھىم بېزەكلەرنىڭ بىرى. بەلباغ باغلىغاندا ئۈستۈنكى كىيىملەر بەدەنگە ھەم كېلىدۇ، ئات مىنىشكە، تەرەپ- تەرەپلەردە كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىشقا قولايلىق، ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان شەمشەرلەرنى يېنىدا ئېلىپ يۈرگەندىن سىرت، يەنە يېنىدا بىللە ئېلىپ يۈرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى قىستۇرۇۋېلىشقىمۇ بولىدۇ. ئادەتتىكى بەلباغلار كۆن- خۇرۇملاردىن ياسىلىدۇ. كۆسەنلىكلەرنىڭ ئۈستۈنكى كىيىملىرىنى يۇملاق ياقىلىق ۋە قوش قايرىما ياقىلىق دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. يۇملاق ياقىلىقلىرىدا ياقا ئۇچى، يەڭ ئېغىزى، كىيىملەرنىڭ ئېتەكلىرىگە ئوخشاش بولمىغان رەڭلەردە جىيەك تۇتۇلغان، بېلىگە بەلقۇر باغلىغان. بەزىلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن چاك چىقىرىلغان، بەزىلىرىگە چاك چىقىرىلمىغان. ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنىڭ ئۈستى تار، ئاستى سەل كەڭ. ئۇلار پۇتلىرىغا پۇچقىقى كىچىك ئىشتانلارنى كىيگەن بولۇپ، ئىشتاننىڭ پۇچقىقىغا ئوخشاش بولمىغان رەڭلەردىن جىلتەك تۇتۇلغان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قىسقا چاچ بولۇپ، تۇماق كىيگەنلىرى كۆپرەك. بۇ خىل پەش ئېچىلمىغان ئۇزۇن كۆڭلەكلەر تام رەسىملىرىدىكى تۆگە يېتىلىگەن، ئېشەك ھەيدەپ ماڭغان غۇز سودىگەرلىرىنىڭ ئوبرازىدا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

**تۆتىنچى، مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى فولكلورىستىك شەخسلەر ئوبرازى**

شىنجاڭدىكى مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە شەخسلەرنىڭ ھالەتلىرىمۇ تېپىك غەربىي يۇرتچە. دەسلەپكى مەزگىللەردە بارلىققا كەلگەن ئادەم بەدىنى ناھايىتى قاۋۇل بولۇپ، پۇت- ئاياغلىرى قىسقا قەندىھارلىقلارنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە. تېنى ئۇزۇن بولۇپ، قول- پۇتلىرىنىڭ نىسبىتى تەكشى. يۈزلىرى تولغان، بەش ئەزاسى مەركەزلەشكەن، باش شەكلى يىيسى يۇملاق بولۇپ، كۇچا سۇبېشى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن چىققان بىر ئادەم سۆڭىكىنىڭ باش قىسمى ياپىلاق كەلگەن، پۇت ئىسكىلىتى ناھايىتى ئۇزۇن. بۇ شەخسلەرنىڭ بەدەن شەكلى كۆسەننىڭ يەرلىك كىشىلىرىدىن كەلگەن.

كۆسەن ئۇسلۇبىدىكى شەخسلەرنىڭ قول- پۇتلىرىنىڭ سىزىلىشىدىمۇ ئوبراز يارىتىش قانۇنىيىتى بار. كۆسەن رەسساملىرى دېفورماتسىيە ماھارىتىنى ياقتۇراتتى، بارماقنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى توم سىزىپ، تەدرىجىي ئىنچىكىلەتەتتى، بارمىقىنىڭ ئۇچىنى قولنىڭ دۈمبىسى تەرەپكە ئېگىپ سىزاتتى، بۇ قولنى ناھايىتى چېۋەر، تولغان كۆرسىتەتتى. رەسىمدىكى قوللار سېلىشتۇرما قىلىنىپ، رەسىمدە رېئال تەسۋىرلەرنى سىزىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن. كۆسەن رەسساملىرى ھەمىشە شەخسلەرنىڭ پۇت - قول قۇرۇلما ئۆزگىرىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بەزى ھالقىلارنى قىسقارتىپ، پۇتىنى خۇددى نېلۇپەرنىڭ يەر ئاستى غولىدەك جانلىق، ئۇزۇن قىلىپ سىزىدۇ. گەۋدە بىلەن پۇت - قولدا ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئۇزۇن، كېلىشكەن بەدەن شەكلىدىن ئۈلگە ئېلىپ، زىيادە سېمىز ئەمەس، بەلكى تولغان ھالەتتە ئوبراز يارىتىدۇ. بۇ تام رەسىملىرىدىكى بۇددساتۋالارنىڭ ھەممىسى ئاياللاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر ئاز گۆدەكلىك، ساددىلىق چىقىپ تۇرىدۇ، تۇنجى باسقۇچتىكى بۇددساتۋادەك ئۇنداق پىشقان ئوتتۇرا ياشلىق ئادەمگە ئوخشىمايدۇ، دۇنخۇاڭ تام رەسىملىرىدىكى تاڭ سۇلالىسى گۈللەنگەن دەۋرلەردىكى شەخسلەرگە ئوخشاش ئۇنداق سۆلەتلىك ئەمەس، قەددى - قامىتى ۋە سۆلىتىگە ئۇنداق ئېتىبار بەرگەن ئەمەس، كۆسەن ئۇسلۇبىدىكى بۇددساتۋا ناھايىتى ئوماق، ھەتتا سەل - پەل مەسۇم، سەبىي چىراي، ئادەتتىكى كىشىلەر ئاسانلا يېقىنلىشالايدۇ. كۆسەن رەسساملىرى شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا، شەخسلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن، قۇمتۇرا مىڭئۆيى 23 - نومۇرلۇق غار بۇ جەھەتتە بىر تىپىك مىسال بولالايدۇ. ئاپتور پەقەت ئاتالمىش «جانلىق سۈرەتلەپ بېرىش» (يەنى كۆز) بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى بەش ئەزا، قول ئىشارىسى ۋە ھەرىكەت ھالىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، شەخسلەرنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جانلىق قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

**بەشىنچى، مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى رومبىسىمان بېزەكلەر**

رومبىسىمان كاتەكچە بېزەكلەر شىنجاڭ بۇددا تام رەسىم سەنئىتىدىكى بىر ئالاھىدە بەدىئىي شەكىلدۇر. رومبىسىمان كاتەكچە كۇسەن مىڭئۆيلىرىنىڭ ئۆزگىچىلا خاستەك تۈرىدۇ، بولۇپمۇ قىزىل مىڭئۆيدىكى رومبىسىمان كاتەكچىلەرنىڭ شەكلى كۆپ خىل بولۇپ، ئۆزگىرىشى خىلمۇخىل، رومبىسىمان كاتەكچىلەر بىر خىل بەدىئىي تۈزۈلۈش شەكلى بولۇش بىلەن بىللە يەنە بۇددىزىم مەزمۇنى ۋە قائىدىسىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. ئۇ بۇددا ھېكايىلىرىنىڭ مەزمۇنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

قىزىل مىڭئۆيدىكى بۇددا ھېكايىلىرى رەسىملىرى، نوم نوملاش رەسىمىدىن باشقا كۆپ قىسىم ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى رومبىسىمان كاتەكچىلەر بىلەن ئايرىلغان بۆلەكلەرنىڭ ئىچىگە سىزىلغان. ھەر بىر رومبىسىمان كاتەكچە بىر مۇكەممەل ھېكايە ھېسابلىنىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇددانىڭ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى گىرداراكۇتا تېغىدا نوم نوملاش بىلەن ئۆتكەن، ئەمما بۇددا دىنىنىڭ كۆز قارىشىدا، سۇمىرا تاغ (سۇمىرۇ تېغى) بۇددىزىم دۇنياسىنىڭ مەركىزى، چەكراۋال بولسا بۇددىزىمنىڭ يەنە بىر مەركىزى. ئومۇمەن، بۇددىزىمنىڭ تاغقا نىسبەتەن ئالاھىدە كۆز قارىشى بار، شۇڭا رومبىسىمان كاتەكچە ئاساسلىقى بۇددىزىم دۇنياسىدىكى تاغقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. رومبىسىمان كاتەكچىلەر ئىچىدىكى جاتاكا (يارالمىش) ھېكايىلىرى بۇددانىڭ ئۆتمۈشتىكى ھەندى تېغىدىكى سانىسىزلىغان «بۇددساتۋا يولى»دىكى مەنزىرىلەرنى ئىپادىلەيدۇ، رومبىسىمان كاتەكچىلەر ئىچىدىكى ۋەج-سەۋەب ھېكايىلىرى بولسا بۇددانىڭ ئۆز تەلىماتىنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن تاغدا نوم نوملاش، نوم ئۆگىتىش مۇھىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

كۇسەن مىڭئۆيلىرىدىكى رومبىسىمان كاتەكچىلەر بەدىئىي تۈزۈلۈش جەھەتتە قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇددىزىم ئىدىيەسىدىكى سەۋەبتىن باشقا، يەرلىك تەبىئىي خاراكتېر ئامىللىرىمۇ بار. كۇسەن مىڭئۆيلىرىدىكى مۇھىت بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. غەربىي يۇرت ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان، كىلىماتى قۇرغاق، دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن بولغاچقا، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى كەمچىل، قىزىل مىڭئۆينىڭ ئالدى تەرىپى گىياھ ئۈنمەيدىغان ئېگىز-پەس تاغ تىزمىلىرى بولۇپ، ئۈزلۈكسىز ئۈچ بۇلۇڭلارنى شەكىللەندۈرگەن، ئۈچ بۇلۇڭلارنىڭ تۇتاشقان يېرى رومبا شەكلىنى ھاسىل قىلغان. قىزىل دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىلغان ساپال ئىدىشلاردا ئۈچ بۇلۇڭ ۋە ئۈچ بۇلۇڭلارنىڭ تۇتاشقان يېرىدىن شەكىللەنگەن رومبا شەكىللىك ئىسخېمىلار بار.

كۇسەندىكى قەدىمكى ئاھالىلەردە تاغقا تېۋىنىش قارىشى بولغان ھەمدە مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ھەر خىل شەكىللەرنى ئىجاد قىلغان. شۇڭا قىزىل مىڭئۆيدىكى رومبىسىمان كاتەكچىلەرنىڭ بەدىئىي تۈزۈلۈشى بۇددىزىم ئىدىيەسى، بۇددىزىم يۇرتى مەنزىرىلىرى ۋە كۇسەندىكى تەبىئىي مەنزىرىلەر ۋە تەبىئەتكە تېۋىنىش ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، مەنىسى تېرەن رومبىسىمان كاتەكچىلەر ئىجاد قىلىنغان، رومبىسىمان كاتەكچىلەرنىڭ بەدىئىي تۈزۈلۈشىدىن باشقا، يەرلىك مەدەنىيەتمۇ قىزىل مىڭئۆي ھېكايىلىك تام رەسىملىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، بۇددىزىم سەنئىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇددىزىم ئىدىيەسىنىڭ تەشۋىقات كۈچىنى ئاشۇرغان، سەنئەتلىك ئوبرازنىڭ رولى ۋە كۈچى ئارقىلىق بۇددىزىمنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. تارىخىي ئەھمىيىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرىگە يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ سىڭدۇرۇلۇشى كېيىنكىلەرگە ناھايىتى قىممەتلىك كۇسەن يەرلىك مەدەنىيەت قىياپىتىنى قالدۇرغان.

قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرىنى ۋەكىل قىلغان شىنجاڭ مىڭئۆي سەنئىتى ئۆزگىچە سەنئەت ئۇسلۇبىغا ئىگە بولۇپ، كۇسەندىكى سەنئەتكارلار تام رەسىملىرىنى ياساش ۋە بۇ تېخنىكىنى ئۆگىتىش جەريانىدا مول تەجرىبىلەرنى توپلاپ، ئۈزلۈكسىز سىرتقى دۇنيانىڭ سەنئىتى بىلەن ئالماشتۇرۇشتا تەدرىجىي يەرلىك سەنئەت ئەنئەنىسىنى ئۆزئارا يۇغۇرۇپ، كۇسەنچە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇددىزىم سەنئىتىنى شەكىللەندۈرگەن. سەنئەت شەكلى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى نۇرغۇن بېزەك تۈيغۇسىغا ئىگە شەكىللەر ئۆز ئالدىغا بۆلۈنۈپ چىققان.

بىرىنچىدىن، تام رەسىملىرىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىدىكى بەدىئىي تۈزۈلۈش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ناھايىتى

رەتلىك ۋە تۇراقلىق ھالەتنى ئىپادىلىگەن، ئۇنىڭدىكى سىممېترىك جايلاشتۇرۇش بىلەن قانۇنىيەتلىك ئىسكىلىتسىمان بەدىئىي تۈزۈلۈشنىڭ زور مىقداردا ئىشلىتىلىشى تام رەسىملىرىدىكى بېزەكلەرنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا غايەت زور رول ئوينىغان. ئوخشاش بولمىغان ئۇستىخان قۇرۇلمىسى غارلارنىڭ بىناكارلىق (ئونتوگېنېتىك) ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن لايىھەلەنگەن بولۇپ، تام رەسىملىرىنىڭ بېزەك رامكىسى بىلەن غارنىڭ بىناكارلىق رامكىسى تەبىئىيلا بىر-بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەشتىن مەقسەت يەنىلا مۇۋاپىق گېئولوگىيەلىك ئالاھىدىلىك بىلەن بىناكارلىق ئالاھىدىلىكىنىڭ ھېس-تۇيغۇغا بولغان تەلىپىگە ماسلىشىشتىن ئىبارەت. رەتلىك بەدىئىي تۈزۈلۈشنىڭ جايلاشتۇرۇلۇش شەكلى ئارقىلىق كۆرۈش سېزىمى بىلەن پىسخىك مۇقىملىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتكەن. بۇنى كۇسەن تۇپرىقىدا يىلتىز تارتقان بەدىئىي تۈزۈلۈش شەكلى ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، قىزىل مىڭئۆيلىرىدىكى تىپىك بېزەك نۇسخىلىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، كۇسەن رايونى بېزەك نۇسخىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى پەقەت بۇددىزم تەلىماتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى يەرلىك خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ ياشاش مۇھىتىدىكى ئورمانلىق تاغ، دەل-دەرەخلەرگە بولغان ئالاھىدە ھېسسىياتى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. بۇ بېزەك نۇسخىلىرى دەل كۇسەن رايونىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىدىن، خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلىدىن كەلگەن.

ئۈچىنچىدىن، قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى شۇنىڭ ئۈچۈن بېزەك تۇيغۇسى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان كۆرۈش سېزىمى ئۈنۈمى پەيدا قىلالايدۇكى، يەرلىك ئالاھىدىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆرۈش سېزىمى ئىپادىلەش تىلىدىن ئايرىلالمايدۇ. گەرچە قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرى ۋەكىللىكىدىكى قەدىمىي كۇسەن بېزەك سەنئىتى ئۇسلۇبى ھەر تەرەپلىمە سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىشىدىن پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ كۇسەننىڭ بۇرۇن ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى رەسساملىق ئۇسلۇبى بولمىغان دېگەنلىك ئەمەس. يەرلىك رەسساملار سىرتتىن كەلگەن مۇنەۋۋەر سەنئەتلىك ئىپادىلەش تىلىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە، ئۇنى تەبىئىي ھالدا يەرلىك ئەنئەنىۋى سەنئەت تىلى شەكلىگە سىڭدۇرۇپ، بىر يۈرۈش ئالاھىدە تەرتىپلەشكەن ئىپادىلەش ماھارىتىنى ئىجاد قىلغان. بۇنداق تەرتىپلەشكەن ئىپادىلەش ماھارىتى ئۇنىڭ بوياش، سىزىش ۋە رەڭ ئىشلىتىشلىرىدە گەۋدىلىك ئەكس ئەتكەن. ئۇ ئەكس ئەتتۈرگەن رەسساملىق ئۈنۈمى غەربنىڭ رېئالىزم ئۇسلۇبىغا ئوخشىمايدۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ كۆڭلەن سىزما رەسىم ئۇسلۇبىغىمۇ ئوخشىمايدۇ، پەقەت قويۇق غەربىي يۇرت بېزەك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

پايدىلانمىلار:

(1) خو شۇيچۇ: «قىزىل مىڭئۆي ھېكايىلىك تام رەسىملىرى ۋە كۇسەن يەرلىك مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 2005-يىل 4-سان.

(2) جۇ يىڭرۇڭ: «كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتىگە ئېستېتىك نۇقتىدىن باھا»، «كۇسەن مىڭئۆي تەتقىقاتى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ فوتو سۈرەت، گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى، 1992-يىل.

(3) ياۋ شىخۇڭ: «قىزىل مىڭئۆيلىرىدىكى جاتاكا ھېكايىلىرى رەسىملىرىنىڭ تىپما تۈرلىرى»، «دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى»، 1988-يىل.

(4) رۇڭ شىنجياڭ: «چېچىيۇ جەمەتىدىن بولغان ئەن جۇۋنىڭ قەبرە تېشى ۋە قوچۇدىكى بۈيۈك لياڭ ھاكىمىيىتى»، «يەنجىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998-يىل.

(5) خەن شىڭ، جۇ يىڭرۇڭ: «كۇسەن مىڭئۆيلىرى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1990-يىل.

(6) جيا يىڭيى: «ئىدىقۇت مىڭئۆي تام رەسىملىرى جەۋھىرى»، «شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2002-يىل 2-سان.

(7) جاڭ ئەيخۇڭ: «قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىن تاللانما»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل.

(8) يۈەن تىڭخې: «كۇسەن ئۇسلۇبىدىكى تام رەسىملىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «كۇسەن مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل.

(9) ناكاگاۋارا، پىڭ جې: «كۇسەنلىك ساخاۋەتچىلەر ئوبرازى ھەققىدە تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2009-يىل 3-سان.

ئەسكەرتىش: بۇ ماقالە «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن قىسمى) خەنزۇچە 2012-يىل 3-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇقەييۇم مىجىت (ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى)




**ئىلهام مۇهەممەد**

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئەجدادلار ئەقىل-پاراستىنىڭ جەۋھىرى، خەلقىمىزنىڭ ئەمگەك ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئوبرازلىق، ئىخچام يەكۈنلەنگەن تەييار تىل ماتېرىيالى. «بىر مىللەتنىڭ تالانتى، پاراستى ۋە روھىنى ئۇنىڭ ماقال-تەمسىللىرىدىن بىلگىلى بولىدۇ» (ئەنگلىيە). ماقال-تەمسىلنىڭ رولى ھەققىدە خەلقىمىز «ئەر كۆركى ساقال، سۆز كۆركى ماقال» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقان. ماقال-تەمسىللەر يازما ۋە ئاغزاكى نۇتقىمىزنىڭ ئاممىباب-لىقى ھەم بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرۇشتا، ئابستراكت چۈشەنچە-لەرنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، تىلغا ئېنىقلىق، ئاھاڭدارلىق، گۈزەللىك ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلاشتا، ئوي-پىكىرنى ئىخچام، ئوبرازلىق ھەم قايىل قىلارلىق ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ماقال-تەمسىللەرنىڭ ئىستېمالدىكى ئەقلە-يەلىكى ۋە مەنتىقلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، «ھېك-مەتلىك سۆز» ياكى «ئەقلىيە سۆز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ماقال-تەمسىللەر خەلق تۇرمۇشىدا ئۇزاق مۇددەت قوللىنىش

جەريانىدا تۇراقلىشىپ، مەنە جەھەتتە بىر پۈتۈنلۈكنى، قۇرۇلما جەھەتتە مۇكەممەللىكنى ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەر شۇنچىلىك ئىخچام جىپسىلاشقانكى (پەقەت قىسمەن ماقال-تەمسىللەر تەركىبىدىكى كونىراپ ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەرنىڭ دەۋر تەلىپىگە ماس ھالدا ئاممىباب سۆزلەرگە ئالماشتۇرۇلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا)، ئۇنىڭ تەركىبىگە بىرەر سۆزنى قوشۇپ قويۇشقا، تەركىبىدىكى بىرەر سۆزنى ئېلىۋېتىشكە ياكى بىر سۆز ئورنىغا باشقا بىر سۆزنى قويۇپ ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە زادى بولمايدۇ. ئىستېمال جەريانىدا ماقال-تەمسىللەرنىڭ ئەسلىي تۇراقلاشقان ھالىتى، قۇرۇلمىسىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئەمما كۈندىلىك تۇرمۇشتا ۋە مەتبۇئات، تىياتىر، كىنو-تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە، ھەتتا ماقال-تەمسىل لۇغەتلىرىدە ئاپتور، تەرجىمان ياكى مۇھەررىرلەرنىڭ ماقال-تەمسىللەرنى يېنىكلىك بىلەن ئۆزگەرتىپ قوللىنىدىغان ياكى ئەسلىدىكى ماقال-تەمسىلگە ئوخشىتىپ، ماقال-تەمسىللەرنى قايتىدىن ياساپ چىقىپ، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن مەنىسى، قۇرۇلمىسى ۋە بەدىئىي قىممىتىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەرنى كۆرۈپ باقايلى (سەھىپە ئېتىبارى بىلەن خاتا قوللىنىلغان ماقال-تەمسىللەرنىڭ مەنىسى بېرىلمىدى):

(1) «چوڭ چىنىدە چاي قۇيسام، كىچىك چىنىگە دەز كەتتى». بۇ تەمسىلنىڭ توغرىسى: «ئاق چەينەككە چاي قۇيسام، كۆك چەينەككە دەز كەتتى» بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەملەرنىڭ بىر-بىرىگە تەسىرى ئۆتىدۇ، بىر تەرەپتە خەۋپنىڭ شەپىسى بىلىنگەن ھامان يېنىدىكىلەر دەككە-دۈككە، ئەندىشىگە چۈشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(2) «موللا كۆپ يەردە قوي-ئېشەك ھارام». بۇ ماقالنىڭ توغرىسى: «موللا كۆپ بولسا، قوي ھارام ئۆلەر» بولۇپ، ھەرقانداق ئىشتا بىلەرمەن كۆپ بولسا، بىر-بىرىگە بەس سېلىش بىلەن ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ ئىشنى بۇزۇپ قويىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(3) «ئادەم سەتى ئەمەس، كىيىم سەتى». بۇ ماقالنىڭ توغرىسى: «ئاتا كەمچىلىكى ئەمەس، لاتا كەمچىلىكى»، بۇ ماقالنىڭ يەنە «ئادەم ئەسكىسى ئەمەس، كىيىم ئەسكىسى» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار. بۇ ماقال بىراۋغا كىيىمگە قاراپ مۇئامىلە قىلىش توغرا ئەمەس، ئەسكى كىيىم كىيىۋالغانلار ئىچىدىمۇ گۈزەل ئەخلاقلىق، پاك ۋىجدانلىق ئادەملەر بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(4) «ياندىكى ھېسپىنىڭ قەدرى يوق». بۇ ماقالنىڭ توغرىسى: «ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق». بۇ ماقال مەزمۇن جەھەتتىن «ياندىكى موللا — بار موللا، يىراقتىكى موللا — داموللا» دېگەن ماقال بىلەن ئوخشاش بولۇپ، كىشىلەردىكى يېنىدىكى كاسىپ (ھۈنەرۋەن)نى يارامسىز چاغلاپ، يىراقتىكى كاسىپنى ياراملىق ھېسابلاپ ئەتىۋارلايدىغان ئىقتىدارسىزلىقنى بىلدۈرىدۇ.

(5) «بەش قولنى ئېغىزغا بىراقلا سالغىلى بولمايدۇ»، «بەش قولۇم بەش گۈل»، «بەش قول بىردەك ئەمەس»، «بەش قول ئېغىزغا پاتماس»، «بەش قولنىڭ قايسىسىنى چىشلىسەڭ، ئوخشاشلا ئاغرىيدۇ». بۇ تەمسىللەردىكى «بەش قول» سۆزىنى مەنتىقە بويىچە «بەش بارماق» دەپ ئېلىپ، «بەش بارمىقىم بەش گۈل»، «بەش بارماق بىردەك ئەمەس»، «بەش بارماقنىڭ قايسىسىنى چىشلىسەڭ، ئوخشاشلا ئاغرىيدۇ» دەپ قوللىنىش كېرەك. چۈنكى ئادەمدە بەش قول ئەمەس، ئىككى قول بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان.

(6) «يىغا ياندىن، بالا قېرىنداشتىن»، «يىغا ياندىن قوپار، بالا قېرىنداشتىن». بۇ تەمسىلنىڭ توغرىسى: «يېغى ياندىن قوپار، بالا قېرىنداشتىن» بولۇپ، «يېغى ياندىن قوپار، دۈشمەن تاپاندىن» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار. ئالدىنقى بۆلەكتىكى «يىغا»نىڭ تومۇرى «يىغ» ئەمەس، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «دۈشمەن، رەقىب» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ياغ»دۇر. بۇ تەمسىل يېقىن كىشىلەرمۇ دوست-بۇرادەر، قېرىنداشلىرىغا ئاسىيلىق قىلىپ، كۆڭۈل ئاغرىقى، بەختسىزلىك كەلتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(7) «ئىنەكنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەت موزايىنىڭكىگىمۇ كەلدى». بۇ تەمسىلنىڭ توغرىسى: «ئۆكۈزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلەر» بولۇپ، ھاياتلىقتا ئىش-ئوقەتتە، تۇرمۇشتا زادىلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىمايدىغان ئادەم بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(8) «ھەر كاللىدا ھەر خىيال»، «ھەر كاللىدا مىڭ خىيال». بۇ ماقالنىڭ توغرىسى: «ھەر كاللىدا بىر خىيال،

تاز كاللىدا مىڭ خىيال» بولۇپ، ھەر ئادەمدە ئۆزىگە يارىشا ئارزۇ-ئىستەك بولىدۇ، جىسمانىي ئەيىبى بار (ھۆرۈن، بولۇمسىز) ئادەم تۈرلۈك-تۈمەن خىياللارنى قىلىۋېرىپ ھېچبىر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

(9) «توخۇ ئوغرىلىغانمۇ ئوغرى، تۆخۈمنى يېگەنمۇ ئوغرى». بۇ ماقالىنىڭ توغرىسى: «گۆشنى يېگەنمۇ ئوغرى، شورپىسىنى ئىچكەنمۇ ئوغرى» بولۇپ، جىنايى ئىشلارنى قىلغان ياكى يامانلارنى قانات ئاستىغا ئالغانلارنىڭ ھەممىسى بەرىبىر قانۇن ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

(10) «ئەتىكى دۇمبىدىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا». بۇ ماقالىنىڭ توغرىسى: «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى» بولۇپ، كېيىن كېلىدىغان، كەلگۈسىدىكى پايدا-مەنپەئەتتىن ھازىرقى، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت ئەلا، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

(11) «ئالتە ئۆلچەپ بىر كەس». بۇ ماقالىنىڭ توغرىسى: «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» بولۇپ، ئىش قىلغاندا ئېھتىياتچان، ئەستايىدىل بولۇشنى، ئەتراپلىق پىلانلاپ پۇختا قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

(12) «بىر پىلەكتە ھەر خىل خەمەك»، «بىر پىلەكتە مىڭ خەمەك، ھەممىسىنىڭ تەمى بۆلەك». بۇ تەمسىلنىڭ توغرىسى: «بىر پىلەكتە ئون خەمەك، ھەر بىرىنىڭ تەمى بۆلەك» بولۇپ بۇ تەمسىل مەزمۇن جەھەتتىن «بىر ئانىدىن توققۇز بالا، مىجەزى ياڭزا-ياڭزا» دېگەن ماقال بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بىر ئائىلىدىن مىجەز-خۇلقى، ئەخلاق-پەزىلىتى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئەۋلادلار چىقىدۇ، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

(13) «تاۋۇقنى ئالساڭ، قوشۇقنى قوي». بۇ تەمسىلنىڭ توغرىسى: «ئوغرى بولساڭ ئىنساپ بىلەن بول، قازاننى ئالساڭ چۆمۈچنى قوي» بولۇپ، «ئوغرى بولساڭ ئىنساپ بىلەن بول، قازاننى ئالساڭ تاۋاقنى قوي» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار. بۇ تەمسىل باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى قاقتى-سوقتى قىلىپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن ئاچ كۆز، نائىنساپ كىشىلەرنى يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، ھالال مېھنەت بىلەن ياشاشقا دەۋەت قىلىدۇ.

(14) «ئۆلۈككە يىغلىغان ئىست يېشىم». بۇ تەمسىلنىڭ توغرىسى: «ئۆلۈككە يىغلىغان ئىست كۆزۈم، نادانغا قىلغان ئىست سۆزۈم» بولۇپ، زۆرۈر بولغاندا «نادانغا قىلغان ئىست سۆزۈم.» دېگەن بۆلىكنى ئايرىم ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ تەمسىل ئۆلگەن ئادەمگە ھازا تۇتۇپ ھەرقانچە ياش تۆككەن بىلەنمۇ تىرىلمىگەندەك، غەرەز ئۇقمايدىغان تەرسا ئادەمگە پەند-نەسىھەت كار قىلمايدۇ، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

(15) «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق». بۇ تەمسىلنىڭ توغرىسى: «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق» بولۇپ، «ئالا قۇيرۇقنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار. بۇ تەمسىل ھەر بىر پەرزەنت ئاتا-ئانىسىنىڭ مىجەز-خۇلقى، ئەخلاق-پەزىلىتى بويىچە يېتىلىپ، ئاتىسىنىڭ ئىش-ئەمىلىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

(16) «قاغىنىڭ تەڭ ئورتاق، سېغىزخاننىڭ دەرەخ بېشىدا». بۇ تەمسىلنىڭ توغرىسى: «بۆرىنىڭ تەڭ ئورتاق، قاغىنىڭ دەرەخ بېشىدا» بولۇپ، «بۆرە تاپسا تەڭ ئورتاق، قاغا تاپسا دەرەخ بېشىدا» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار. بۇ تەمسىل باشقىلارنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان، ئەمما باشقىلارنى ئۆز ئىلكىدىكى نەرسىدىن بەھرىمەن قىلىشنى خالىمايدىغان پىخسىق ئادەملەرنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

(17) «قاغىغا ئۆلپەت بولساڭ، پېيىشىڭ تاپ». بۇ تەمسىلنىڭ توغرىسى: «قاغا بىلەن دوست بولساڭ، پېيىشىڭ پوق». بۇ تەمسىل يامان نىيەتلىك ئادەملەرگە يېقىن يولىغان ئادەم ئۇلارنىڭ كاساپىتىگە كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

(18) «قاغا بالىسىغا: ‹بىر قاراپ، بىر-ئىككى چوقۇ› دەپتۇ». بۇ تەمسىلنىڭ توغرىسى: «قاغا بالىسىغا: ‹ئىككى قاراپ، بىر چوقۇ› دەپتۇ». بۇ تەمسىل ھەرقانداق ئىشتا ھوشيار، ئېھتىياتچان بولۇش، بىپەرۋالىق قىلماسلىق كېرەك، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

(19) «قاشقا سانساڭ كۆزگە، كىشىگە سانساڭ ئۆزگە». بۇ تەمسىلنىڭ توغرىسى: «قاشقا سانساڭ كۆزگە، كىشىگە سانساڭ ئۆزگە». بۇ تەمسىل باشقىلارغا قارا سانىغان ئادەم ھامان بىر كۈنى ئۆز-ئۆزىگە يامان ئاقىۋەت، بەختسىزلىك كەلتۈرمەي قالمايدۇ، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

(20) «بىر ئەسكى تۇماققا بىر سېسىق كاللا خېرىدار».

بۇ تەمسىلنىڭ توغرىسى: «ئەسكى تۇماققا سېسىق كاللا خې-رىدار». بۇ تەمسىل ھەركىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا خىلى، ياخشى كۆرگەن لايىقى، جۈپتى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

(21) «كەكلىكنى دورايمەن دەپ قاغىنىڭ چېتى كې-رىلىپتۇ»، «كەكلىك قاغىنىڭ مېڭىشىنى دوراپ چېتى يىرتى-لىپ كېتىپتۇ»، «كەكلىك قاغىنىڭ مېڭىشىنى دوراپ چاترىقى يېرىلىپ كېتىپتۇ». بۇ تەمسىلنىڭ توغرىسى: «قاغىنىڭ مېڭى-شىنى دورايمەن دەپ، قۇشقاچنىڭ چاترىقى كېرىلىپ كېتىپ-تۇ». بۇ تەمسىل ھەركىم ئۆز ئىمكانىيىتىگە يارىشا ئىش كۆ-رۈشى، قۇربى يەتمەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن زورۇقۇپ كۆل-كىگە قالماسلىقى كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(22) «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولار». بۇ تەمسىلدىكى «ئۆرۈك» سۆزىنى تىل مەنتىقىسى بويىچە «غورا» دەپ ئېلىپ، «غورا غورىنى كۆرسە ئالا بولار» دەپ قوللىنىش كېرەك. چۈنكى ئۆرۈك پىشىشتىن ئىلگە-رى «غورا»، پىشقاندىن كېيىن «ئۆرۈك» دېيىلىدۇ. بۇ تەمسىل كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، بىر-بىرىنىڭ خۇي-پەيلى، ئىش-ھە-رىكىتىنى دورايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

«تىلغا ئېتىبارسىز ــــ ئەلگە ئېتىبارسىز» دېگەندەك، ماقال-تەمسىللەرنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ قوللىنىش ياكى ئوخشىتىپ ياساپ چىقىش ماقال-تەمسىللەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىگە زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى ئەجدادلار ئەقىل-پاراسىتىگە قىلىنغان ھۆرمەتسىز-لىك، شۇنداقلا مىللەتنىڭ تىلى، تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە پسىخىكىسىغا تۇتقان مەسئۇلىيەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى توپلىمى، ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى، ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە ئۇيغۇر ماقال-تەمسىللىرى لۇغىتى نەشر قىلىندى. مۇشۇن-داق ئەۋزەل شارائىتتا، ماقال-تەمسىللەرنى توغرا قوللى-نىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، تىلىمىزنىڭ ساپلىقى، پاساھىتىنى قوغداش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى، ئەلۋەتتە.

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:


(1) مۇھەممەد رەھىم «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990-يىل 1-ئاي نەشرى.

(2) رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق فرزيو-لوگىيەلىك بىرىكمىلەر سۆزلۈكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل 3-ئاي نەشرى.

(3) ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەم-سىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل 6-ئاي نەشرى.

(4) ماجۇنمىن، لياۋ زېبۇ «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل 8-ئاي نەشرى.

(5) مۇناسىۋەتلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئېيتۇتلار، كىنو-تېلې-ۋىزىيە فىلىملىرى.


(ئاپتور: چەرچەن ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپ تىل-ئەدەبى-يات ئوقۇتقۇچىسى گۇرۇپپىسىدا)


ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى 2010 - يىلدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھوزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە - بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يېقىن - يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.

# بەيتلار①





1

ئۇش بالامنى ئۆلدى دەپ،
بېشمغا سېلىپتۇ لەچەك.
مەنىڭ ئۇچۇن كەلگەن ئىكەن،
بۇ يىلقى كەلگەن بۇ چەچەك.
چوڭ كۇرەگە مەن بېرىپ،
ئالدىم زىبەشىمگە يەلىم.
تۇشكەنەمگە كىرىپ قاپتۇ،
ناسىر بالام، مەمەتئەلىم.
ئۆيگە مىمانلار كەلىپتۇ،
داستۇرخانلارىڭ قېنى.
باغدا گۇللەر ئېچىلىپتۇ،
قىسقىلى بالا قېنى.
بۇغدىيىمنى يايمغىن،
ئەخلەتى يوق ئۇگۇت ئىكەن.
نەچە باللار بىر سېرى،
مەمەتئەلى يىگىت ئىكەن.
مىلتىغىمنى ئېسىپ چىقىپ،
قارغا، سېنىدا ئوۋلۇدۇم.
خىيالىمغا كەلگەندە،

① رادلوفنىڭ ئەسلي نۇسخىسى بويىچە ئېلىندى.

قالماق بولۇپ مەن دوۋلۇدۇم.
تاقىقا چىقىپ كىك ئاتتىم،
گۆش ئالغىلى ھەمرا قېنى؟
گۆشنى يۈكلەپ ئۆيگە كەلدىم،
يەگەلى باللار قەنى؟
يوقاتىن سۇ ئاقىدۇ،
تاشتىن تاشقا شاقىراپ.
بەيش باغلارغا يەتەر،
ئالتۇن- كۈمۈشتەك پاقىراپ.
چوڭ كۆرەڭنىڭ يولىدا،
جەنەستە پىشسا يەر ئىدى،
خوش خۇدانىڭ تەغدىرى،
قۇلۇنلىرىمىدىن ئارىدى.
ساۋدىگەر ئۇستا ئىكەن،
شەشى توقۇپ، بۆز ئەتكەلى.
كۆك، يېشىل خىش ئېلىگەر،
قەبرەسگە سۆز ئەتكەلى.

2

ئاكام، ئاكاما،
ئالىم ئاكاما،
پىياز يولىدا
بەرگەن قوبۇزۇڭ
جىگدە تۈبۈدە
تۆشۈپ كەتتى يا،
يېنىپ بېرىپ،
تېپىپ ئالسام،
ئانام چاپاق
كۆرۈپ قاپتى يا،
نەدىن ئالدىڭ؟ دەپ،
ماڭا كەلەدۇ.
ئاكام، ئاكاما،
ئالىم ئاكاما،
دادام غالازاڭ
كۆرەگە كەتىپ،
كەلىپ قاپتى يا،
توپاقنى توقۇپ،
تەبلغۇ ئەپ كەلىڭ!
ئېغىلغا ئەپ كىرىڭ!

ئاكام، ئاكاما.
ئالىم ئاكاما.
ئە مەمەتئەلى،
شاڭ بەگنىڭ،
ئىكى قىز بار،
كىچىك قىزىنىڭ
ئايدەك ئۆزى بار.
چولپان كۆزى بار،
چوڭ قىزىنىڭ
يانچۇغىدا
قوش قوبۇزى بار،
قوش قوبۇزىنى
قوشلاپ چالىپ،
قۇرۇتتى مەنى.
ئاق كىگىزنى
سىلىپ يېتىپ
ئۇنۇتتى مەنى؛
ئاكام، ئاكاما،
ئالىم ئاكاما.

3

خۇماخان ئۇبدان بالا،
چېچى ئاز ئىكەن،
خۇماخاننىڭ تەككەن ئەرى،
بېشى تاز ئىكەن.
خۇماخاننىڭ كەيگەن تونى،
سېرىق تابادا،
ھاراق ئىچكەن مەس كىشىدەك،
كۆزى خۇمادا.
خۇماخاننىڭ قوش پۆپۈگى،
يەرگە تەگەمدۇ.
يېشىغا يەتمەي تۇرۇپ،
ئەرگە تەگەمدۇ.
ئوخات قىلىپ يارماق تېپىڭ،
چىگەسى بىلەن!
خۇماخاننى ئاداش تۇتۇڭ،
يەڭگەسى بىلەن!
خۇماخان ئۇبدان بالا،
ئۆزى تۇزۇك.

ئادىشى ئەپ بەرگەنى،
ئىكى ئۆزۈك.
خوماخان دەپ قىشقىرىپ،
پوتامنى ئاتتىم سالما دەپ.
خوماخان چىقىپ كەلسە،
تاقتىغا تىزغان ئالمادەك.

4. سادىر (1)

ئاق بوز ئېتىم ئوبدانمۇ؟
قارا بوز ئېتىم ئوبدانمۇ؟
سادىر ئۆزى يامانمۇ؟
پۇل تېپىپ بەرسە ئوبدانمۇ؟
يامۇلدىن كەتكەن كۈنى،
ياتقان يەرىم يانبۇلاق.
ياراتقان پەرۋەردىگار،
قاچان بەرەسەن ئۇلاق؟
يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
سادىر چىقتى تالاغا.
بىزنى باققان بەش يايى،
ئەمدى قالدى بالاغا.
بەيچىڭغا چىقىپ پارساڭ،
رىن-سىن دەپ تونۇمايدۇ.
پەي-زەڭگە بۇتى دەسەم.
شەن سىنى ئۇنۇمايدۇ.
شاڭگۇڭدا قوغۇن تەرگەن،
كۈرەدەكى خۇاز.
يېنىمغا ئېسقاتتى،
سەكىز پۇللۇق پىۋازا.

5. سادىر (2)

ئاتىسىدىن يەتىم قالغان،
يەتىم قالغاندا مەن ئالغان،
ھەمدە ئاتلىق ئامان بارمۇ؟
ھەمدە ئاتلىق ئامان بارمۇ؟
مەنىڭكى ئۆچ ئەگەچىم بار،
قىشقىرسام توختاۋاق دەيمەن،
ئېنىڭدىن چوڭ ئەگەچىمنى،
ئېنى ھەم بەختىۋاق دەيمەن.
ئۆينىڭ تۆرىدە ياتقان،
ساشقانىنى ماراپ ياتقان،
كالا گۆشى تەڭ يەگەن،
مۆشۈكلەرىم ئامان بارمۇ؟
باش يايلاقتا يايلىغان،
ئاتلارنى بېقىپ بەرگەن،
ئادۇندايلار ئامان بارمۇ؟
ئادۇندايلار ئامان بارمۇ؟
ئەجەپ دۆلەت ئىكەن ئالتاي،
ئەجەپ راھەت ئىكەن ئالتاي،
بۇ يىللاردا ئامان بارمۇ؟
بۇ دۆلەتلىك ئالتايدا،
ئۆرۈك، ئالما ئۆزى پىشقان،
ئۆزى پىشقان ئۆرۈك، ئالما،
ياغاچ-تاشلار ئامان بارمۇ؟
ھاراق- شاراپ ئىچىشكەن،
شام-چىراقلار ياندۇرغان،
ئۆيلەرىم ئامان بارمۇ؟
ئۆيلەرىم ئامان بارمۇ؟
مەنىڭكى ئۆچ بالام باردۇ،
كىچىگى دانىخان ئاتلىق،
قولۇنلىرىم ئامان بارمۇ؟
قولۇنلىرىم ئامان بارمۇ؟
سادىر دەپ ئېتىم قالدى،
يامۇلدا خېتىم قالدى،
مەنىڭكى ئۆچ بالام باردۇ،
ئىلىدا يەتىم قالدى.
بۇ ئالەمنىڭ بەگلەرى،
كىتاپ ھۆكمەدە ئاڭلىسام.
قىيامەتنىڭ سەگلەرى،
بەگلەرىم ئامان بارمۇ؟

6. جېنىم خېنىم

ئىشىك ئالدىڭ قارىياغاچ،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
بالتا سالسام تۆبى تاش،
جېنىم خېنىم تۆرۈممە،
بىر ياستۇقتا ئىكى باش،
جېنىم خېنىم تۆرۈممە،
ئىكىلەسى قەلەم قاش،
جېنىم خېنىم تۆرۈممە،

مو-يا فار-دى سى-چىن-نا.
ئىشىك ئالدىڭ مەيرۇنتال،
جېنىم خېنىم تۆرەممە.
چەبەرىگە كىرسەممەن،
جېنىم خېنىم تۆرەممە.
ھارامزادە پايىكا،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
بىر چىلىم تاماكا سال !
جېنىم خېنىم تۆرەممە؛
مو-يا فار-دى سى-چىن-نا.
دەريا مۇنداق تاشارمۇ ؟
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
تېشىپ لەبدىن ئاشارمۇ ؟
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
جېنى قۇرغۇر ئاچىمبەل،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
يارىمغا يارىشارمۇ ؟
جېنىم خېنىم تۆرەممە؛
مو-يا فار-دى سى-چىن-نا.
مەن بولار شاغا، نۆكەر،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
ئەرز ئايتسام قېنىم تۆكەر،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
ئاغزى پىستە، لەبى شىكەر،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
كۆزى مەستانىغا يەتكۈر،
جېنىم خېنىم تۆرەممە؛
مو-يا فار-دى سى-چىن-نا.
باردىم دەريا بويىغا،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
ئولتۇردۇم سۇ ئىشكەلى،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
شىرىن جانىغا قەس قىلغان،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
شېرىن جاندىن كەتكەلى،
جېنىم خېنىم تۆرەممە؛
مو-يا فار-دى سى-چىن-نا.
ئىشىك ئالدىڭ شاھ سۇپا،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
شاھلار كەلىپ ئوينىسۇن!
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
سەپەر كەتكەن يارىمنى،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
ئوۋلىيالار قولدىسۇن!
جېنىم خېنىم تۆرەممە؛
مو-يا فار-دى سى-چىن-نا.

7

دۈشمەنلەر سۆيەلمەيدۇ،
سۆيگەننى كۆرەلمەيدۇ،
قولغا پىچاق ئاپتۇ،
جان تاتلىق ئۆلەلمەيدۇ.
تاغ بېشىدا قاراغاي،
قاراغاي ئۇچىدا تورغاي،
ئەرىڭنى قۇداي ئۇرغاي،
سەنى ماڭا بۇيرىغاي !
بازاردىن ئالدىم ئانار،
ئۈزۈلەرى گۈل-گۈل يانار،
لەبلەرىڭگە سۆيدۈرسەڭ،
ئۆلسەم ئارمىنىم قالار.
بازاردىن ئالدىم بىچاق،
دەرتىنلىڭ يامىنى چەچەك.
مانجۇ كۆڭنەك ئىچىدە،
جولاڭ قىلدۇ ئەمچەك.

8

يارىمنىڭ ئېتى ئايخان،
ئاڭا كۆيىدۇ بۇ جان.
كۆكنىگە زاخا بەرمەڭ،
مەشوقۇم تولا ئوبدان.
تاغ بېشىدا ئۆيۈم بار،
قالماق بالىسىدۇرمەن.
يېڭى تۇتقان يارىمدىن،
قايداق ئايرىلاردۇرمەن.
مەنىڭكى ئىكى يارىم بار،
كۆرمەككە ھەجەپ چاققان.
مەس بولۇپ يىقىلغاندا،
بېشىمدىن يۆلەپ باققان.

ئاي يارىم خىيالىڭىز
ئاجانچا بۆرۈكمۇ؟
كىچىكلىكتە ئويناپ ئىدۇك،
ئەمدى يۈل يوقمۇ؟
كەكەنەكنىڭ بالىسى،
ئالتۇن ئۇۋۇدا.
يارىم مەنى تونۇمايدۇ،
ئەسكى جۇۋادا.
ئەگىز تاغنىڭ كۆلەڭگىسى،
سايىنى تالىشۇر.
ياقشى بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈم،
ئوبدان يارىشۇر.
ئالتۇنىم يوق، كۈمۈشۈم يوق،
سالسام بىلەككە.
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى،
تەگدى يۈرەككە.

9

قارا يورغامنىڭ بېرىدا،
قاناتلىق ئىدىم.
تاغدا كىك ياياق بولسا،
مەن ئاتلىق ئىدىم.
قارا يورغامنى ئۆلتۈرگەن،
قارا قىل ئارغامچى.
ئەگەر-توقۇم يولدا قالدى،
بەلىمدە قامچى.
توسۇن ئاتقا يۈگەن سالدىم،
مىندىم، قاربلدىم.
بۇ مەنىڭ شۇم تالىيىم،
ياردىن ئاربلدىم.

10

باراي دەسەم، بارماڭ دەيدۇ،
مەيلىم ئۆزەمنىڭ.
سەكسەن قامچى سوققان بىلەن،
يارىم ئۆزەمنىڭ.
سەكسەن قامچى سوققان يارنى،
كۆرسەتىڭ بىزگە.
ئاتا-ئانامدىن رۇخسەت ئېلىپ،
قول بولاي سىزگە.
هاراق دەگەن ئاچىق سۇنى،
چاغلاپ ئىشمەسمۇ؟
ئاتلار ئورۇق، يول يىراق،
ئۇۋال ئەمەسمۇ؟
قاشقار يولدا يۈمۈلاق جۇۋان،
بىللە ماڭساقچۇ!
ئاتلار ئورۇق، يول يىراق،
مىنگىشىپ ئالساقچۇ!
ئاتلارنى توقۇپ قويدۇم،
يۈك-تاق ئارتتىم يارىم.
ئوتىڭىزغا چىدىماي،
نەشە تارتتىم يارىم.
نەشە تارتىدۇ دەيدۇ،
بۇ ئەلنىڭ مالامەتى.
چىرىيىمنى سېرىق دەيدۇ،
نەشەنىڭ ئالامەتى.

11

ئۆلاق توقۇدۇق، كەتتۇق،
ساغارغان سامانلارغا.
سەنىڭدەك ياخشىنى بەرمەس،
مەنىڭدەك بىر يامانلارغا.
سەن بارساڭ بېرىپ تۇرغىن،
ئارقاڭدىن يەتىشىرمەن.
يامان ئەرىڭدىن قورقساڭ،
خالىدا تېپىشارمەن.
يارنىڭ بويىي قۇرغۇيدەك،
لەبلەرى قىزىلگۈلدەك.
يار سالسا پىراقىنى،
ساغاتۇ سېرىق گۈلدەك.

12

قېشىڭ قارامۇ، قۇندۇز؟
كەچە بارايمۇ، كۈندۈز؟
كەچە بارسام سالامەت،
كۈندۈز بارسام مالامەت.
جان ئىچىدە جانان قىز،
يانغان ئوتنى ياققان قىز.
قاشلىرىڭ سەنىڭ مەربۇپ،
ئىشلەرى سۇلايمان قىز.
باققا بۇغداي تېرىسام،
بەلباققا كەلدى بۇغدىيىم.

ئۆرگەنىپ كەلگەن زاماندا،
ئارىپ ئەتتى خۇدايىم.
چىغنى چىققا ئۇلۇسا،
بۇغدايغا باغلىق بولغىدەك.
يېڭى يار كىشى تۇتسا،
سودايى ئاغرىق بولغۇدەك.

13

يارنىڭ كۆڭنى لېچىندۇ،
مەن ئۆزۈمنى غاز ئەتەي!
كىرپىمنى دولۋاي ئەتىپ،
تەنەمنى تەبلۋاز ئەتەي.
يارىسىز ئۆمرۈم مەنىڭ،
مىڭ ياشسام بىر كۈنچە يوق.
ئىشقى ئوتىنىڭ ئالدىدا،
دوزاق ئوتى ئۇشقۇنچا يوق.
بىگۈپا بۇگۈن بارار،
تاڭنا ئۇنۇتار يارنى.
ئادەمى ھەرگىز ئۇنۇتماس،
بۇرۇنقى سۆيگەن يارنى.
قارا قاشلار ئويناشۇر،
چېچى بەلگە تولغشۇر.
چىقمالڭ ئۆيدىن تاشقىرى،
ئاشقلار بىچاقلىشۇر.

14. نوزۇك

مانجۇ كاپىز ناكەس سەن،
سانجىپ پاتتى قولۇمغا.
قويۇپ ئەتسەلڭ كەتىمەن،
ئۆزەم كۆرگەن يۇرتۇمغا.
مانجۇ كاپىر ناكەس سەن،
كەلمەگىن مەنىڭ قېشىمغا!
كەلسەلڭ مەنىڭ قېشىمغا،
قەس قىلارمەن جېنىڭغا.
بىر ئاتىدىن ئۈش قىز ئىدۇك،
ئەڭ كىچىگى مەن ئىدىم.
ئوغۇل بولسالڭ ئالىم بولغان،
توقسان كىتاب ئوقۇغان ئىدىم.
تاغدىن تۇشكەن تۆرت ئاتلىق،
تۆرتىلەسى بوز ئاتلىق.
تۆرتىلەنىڭ ئىچىدە،
مەنىڭ ئاتام سۇمباتلىق.
قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
بۇزۇلغان ساراي.
شۇ يەردەن تۇرۇپ شەرەت قىلىڭ،
مەن قېچىپ باقاي.
ئاقىرىپ تۇراتىكەن،
ئاق مازىرىڭىز.
زارىقىپ تۇرۇپتۇ،
نوزۇك بالىڭىز.
ئاتام بىلەن ئانام مەنىڭ،
قايدىن مەنى تاپىدۇ؟
شۇ يەردە ئۆلۈپ كەتسەم،
قۇمدىن تاپامدۇ.
ئاتام بىلمەس، ئانام بىلمەس،
مەنىڭ ھالىمنى.
جېنىم بىلۇر، تەنىم بىلۇر،
سارغارغىنىمنى.

15

دەرتىنىڭ تولىسى كەتتى،
مەن ئېتىمنى ساتمايمەن.
بۇ ئالەمدە تارتقاننى،
قىيامەتتە تارتمايمەن.
يولۇڭ مىڭنىڭ يولى بولسا،
خىيالىم سەندە تۇرمامدۇ؟
بۇ يولنىڭ يىرىقىدا،
ئېتىم ياخشى بولمامدۇ؟
يار دەسەم ئېچىلمايسەن،
مەيدەڭدە تۆمۈر بارمۇ؟
ئاخشاملىقتا كەل دەيسەن،
خالىدا ئۆيىڭ بارمۇ؟
چېچىڭ نەمە ئۆسمەيدۇ،
ئىسسىق سۇدا يۇمايسەن.
ئېنىڭ ئۇچۇن ئۆسمەيدۇ،
جولاڭ قىلىپ تۇرمايسەن.
بېغىڭغا كىرىپ بارساڭ،
ئۆرۈكۈڭ ئەجەپ شاخلىق.
تۇشۇمگە كىرىپ قاپسەن،
مەشوقۇم تىلى تاتلىق.

تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد



# ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرىمىز

مەلىكزات ئابدۇكېرىم

مۇشۇ يورۇق ئالەمدە ئۆلۈمدىن چوڭ ھادىسە يوق.
چۈنكى دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلار (بارلىق جانلىق) ئۆ-
لىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۆلۈمنىڭ شىرنە-شەر-
بىتىنى تېتىمايدىغان ئىنسان يوق. ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇ-
لۇش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا بارلىق كىشى سالامەتلىكىنى
ئاسرايدۇ. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلمايدىغان
ئادەم يوق. قىسقىغىنە ئۆمۈرنى تولىمۇ قەدىرلەيدۇ، مەنە-
لىك ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇلايدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئورگانىزمدىكى ھاياتىي پائالىيەتنىڭ
توختىشى، تۈگىشى، تىرىك ئورگانىزم ھاياتىنىڭ ئاخىرلە-
شىشىنى ئۆلۈم دەپ ئاتاپ كەلگەن. يەنە ھەر خىل سە-
ۋەبلەر بىلەن بولغان ئۆلۈم، مۇسىبەتنى ئۆلۈم-يېتىم دەپ
ئاتىغان.

ئۇيغۇرلاردا قازا قىلغان كىشى چوڭ ھۆرمەتكە
ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن قازا قىلغۇچى ئەر بولسا
«مەرھۇم»، ئايال بولسا «مەرھۇمە» دەپ ئاتايدۇ. قازا
قىلغان كىشىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ تاۋۇتى-
نى زاراتگاھلىققا بارغىچە تۆتتىن ئادەم دەملىشىپ كۆتۈ-
رۈپ ئاپىرىدۇ. يەنى بالىلىرى ۋە يېقىن تۇغقانلىرى كۆتۈ-
رىدۇ. بالىسى يوق بولسا تاۋۇتنى قولۇم-قوشنا، مەھەللە-
كويلار كۆتۈرۈپ زاراتگاھلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

قازا قىلغان كىشىنىڭ بالىلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى،
يېقىن قوشنىلىرى قارىلىق تۇتۇپ، ئەرلىرى بېلىگە ئاق
باغلايدۇ، ئاياللىرى بېشىغا ئاق رومال سالىدۇ. تاۋۇت
ئۇزىتىلغانغا قەدەر ئۆلۈم پەتىسگە كەلگەن ئاياللارغا ئاق
ياغلىق سېلىپ قويىدۇ ياكى سوپۇن، يىپ-يىڭنە قاتارلىق-
لارنى ھەدىيە قىلىدۇ. قازا قىلغان كىشىنىڭ «يەتتە نەزىرى-
سى» بېرىلمىگىچە ئەرلەر بېلىدىكى ئاقنى يېشىۋەتمەيدۇ،

چاچ-ساقىلىنى ئالمايدۇ. ئايال تۇغقانلار قازا قىلغان كە-
شىنىڭ قىرقى بولمىغىچە بېشىدىكى ئاق رومالنى ئالمايدۇ.
قىزىل ۋە رەڭلىك گۈللىرى بار كىيىملەرنى كىيمەيدۇ.
«قىرىقى نەزىر»ىسىدە ياكى «يىل نەزىر»ىسى بېرىلگەن-
دە هازىدارلارنىڭ بېشىدىكى ئاق ياغلىقنى ئېلىۋېتىپ باشقا
بىر ياغلىق سېلىپ قويىدۇ. بۇ خىل پائالىيەتلەر «قارا
ئۆشتۈش» دېيىلىدۇ. هازىدارلارنىڭ ئائىلىسىدە ئويۇن-
كۈلكە، چاقچاق قىلىشىش، قارتا، قىمار ئويناش، رەڭلىك
ۋە رەڭسىز ئولتۇرۇش، ناخشا توۋلاش، هاراق ئىچىش،
نەشە، زەهەر چېكىش قاتارلىق ئەخلاق-پەزىلەتكە مۇخا-
لىپ ئىشلار چەكلىنىدۇ. يان قوشنىلاردىمۇ يۇقىرىقى ئەھ-
ۋاللار چەكلىنىدۇ، هەتتا ئۇرۇق-تۇغقانلار ئىچىدە تەييار-
لىنىپ قالغان توي-تۆكۈن، مەشرەپ قاتارلىق پائالىيەتلەر
كېچىكتۈرۈلىدۇ. قولۇم-قوشنا، مەهەللە-كويلار هەرھالدا
ئېھتىيات قىلىدۇ. بەزىبىر يىراق جايلاردىن كەلگەن مېھ-
مانلارنى بىر نەچچە كۈن مېھمان قىلىشقا توغرا كېلىپ
قالسا، هازىدارلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ رازىلىقىنى ئېلىپ،
ئاندىن ئىش بېجىرىلىدۇ، قازا قىلغۇچىنىڭ هۆرمىتىنى ساق-
لايدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئۇ دۇنيالىقى ئۈچۈن هەمىشە رەهمەت-
لىكنىڭ ياخشى ئىش، ئېسىل پەزىلەتلىرىنى سۆزلەپ بېرى-
دۇ. يامان گېپىنى، يەنى غەيۋىتىنى قىلىشقا بولمايدۇ، مانا
بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم-يېتىم ئۇزىتىش ئەنئەنىۋى ئۆرپ-
ئادەتلىرى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ياكى قوۋم-قېرىنداشلى-
رى قازا قىلغاندىن كېيىن، مەلۇم كۈنلەرنىڭ بىرىدە
«مەرهۇم»، «مەرهۇمە»لەرنىڭ روهىغا ئاتاپ نەزىر
بېرىش، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ
بىرى.

بۇ ئەنئەنە هەققىدە ئۇلۇغ ئالىم مەهمۇد كاشغەرىي
«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە مۇنداق يازغان:

«يوگلاندى» نەزىر قىلدى. «ئۇ ئۆلۈككە نەزىرە
قىلدى»، (ئۇيغۇرچە نەشرى، 2009-يىلى 8-ئاي، 106-
بەت).

هەممىمىزگە مەلۇم ئۇيغۇرلار بۇ ئەنئەنىنى هازىرغى-
چە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ياكى يېقىن بىرەر قېرىن-
دىشى ئالەمدىن ئۆتسە 7-كۈنى، قىرىقىنچى كۈنى ۋە يىلى
توشقاندا كەڭ جامائەتكە نەزىر بېرىدۇ ۋە خەتمىقۇرئان
قىلىدۇ. «يەتتە نەزىر»، «قىرىقى نەزىر»، «يىل نەزىر»
قاتارلىق نەزىرلەر پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا ئورتاق.

## مېيىت يۇيۇش

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق قەدىمي زاماندىن هازىرغىچە
مېيىتنى پاكىز يۇيۇپ كېپەنلەپ ئاندىن يەرلىكتە قويىدۇ.
«باش يۇغۇچى»، «ئاياغ يۇغۇچى»، «سۇ قۇيۇپ بەر-
گۈچى» بولۇپ تۆت نەپەر كىشى يۇيىدۇ. «باش يۇغۇ-
چى» مېيىتنىڭ كىندىكىدىن بېشىغىچە، «ئاياغ يۇغۇچى»
كىندىكىدىن تاكى پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە يۇيىدۇ. 80-، 90-
يىللىرىدىن بۇرۇن ئاق خام، دابۇر، خەسە قاتارلىقلارنى
ئۆزلىرى مېيىتنى ئۆلچەپ كېپەن (يۆگەنجە) تىكىپ
كەلگەن. شۇ كېپەنگە ئالغان (يۆگىگەن). 1990-يىللاردىن
كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستان، پاكىستان، تۈركىيە قاتارلىق
جايلاردىن تىجارەتچىلەر ئەكىلىپ ساتقان تىكىكلىك تەييار
كېپەننى سېتىۋېلىپ شۇنىڭغا يۆگەپ يەرلىكتە قويماقتا. يېزا-
قىشلاقلاردا بولسا قول ئىلكىدە يوق دېھقانلار خەسە، دى-
چۆلىياڭ، دابۇر، خام قاتارلىق رەختلەرنى سېتىۋېلىپ يەنە
بۇرۇنقىدەك كېپەن تىكىپ كېپەنگە ئالماقتا.

ئىلگىرىكى دەۋرلەردە قازا قىلغۇچىنىڭ كىيىم-كې-
چەكلىرىنى يۇيۇپ، مېيىتنى يۇغۇچىلارغا بېرەتتى هەم ئۇ-
نىڭدىن باشقا مېيىت يۇغۇچىنى ئوبدان رازى قىلاتتى. كې-
يىنچە قازا قىلغۇچىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى خارلىنىپ قالمى-
سۇن دەپ ئەن رەخت، پۇل، گۈرۈچ، بۇغداي ياكى
ئۇلار تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنى بېرىپ ئوبدان رازى قى-
لىدۇ. «باش يۇغۇچى»، «ئاياغ يۇغۇچى»، «سۇ قۇيۇپ
بەرگۈچىلەر»نى پەرقلىق رازى قىلىدۇ.

## قەبرە ئىچىگە سېلىنىدىغان نەرسىلەر

تەييار بولغان كېپەنگە قىزىلگۈل سۈيى ياكى زەم-
زەم سۈيى ۋە ياكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ئىشلەنگەن
ئەتىر سېپىلىدۇ. ئۇلار بولمىسا تۇتىمىغان يېڭى ئەتىر
سوپۇن يانداپ قويۇلىدۇ. قازا قىلغۇچى ئەر كىشى بولسا،
قەبرىسىگە پىچاق ياكى ئورغاق قاتارلىق نەرسىلەر سېلىپ
قويۇلىدۇ. ئايال كىشى بولسا، ئەتىر سوپۇن، سۇزگۈچ،
تارغاق قاتارلىقلار سېلىپ قويۇلىدۇ. هازىرقى يېڭى
دەۋردە ئائىلە باشلىقى پەرزەنتلەر نامىدىن بىر قىممەتلىك
نەزىر بېرىدىغان ئادەت شەكىللەندى، ئۇيغۇرلار هەر

پەيشەنبە كۈنى ئەرۋاھلارغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىدۇ، روھناتلارغا ئاتاپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىنىدۇ.

قازا قىلغۇچى كېپەنلىنىپ بولغاندىن كېيىن بالا-چاقىلىرى، يېقىن ئۇرۇق-تۇغقان، قېرىنداشلىرى موردا بىلەن زارلىنىشىدۇ (ۋىدالىشىدۇ). قازا ئەتكۈچى ئەر بولسا، ئايالى، ئەگەر ئايال بولسا، ئۇنىڭ ئېرى ۋىدالاشمايدۇ، چۈنكى جان چىققاندىن كېيىن ئەر-ئايال ياتلىشىپ كېتىدۇ، بىر-بىرىنى كۆرۈش «نامەھرەم» دەيدىغان قاراش ئۇيغۇرلاردا ئىنتايىن كۈچلۈك.

### جىنازا نامىزىنى چۈشۈرۈش

جىنازا نامىزى چوڭ ئازنە مەسچىتتە ياكى مەسچىت ھويلىسى، مەسچىت ئالدىدىكى كەڭ سەينادا چۈشۈرۈلىدۇ. ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، شۇ نامازغا كەلگەن ياكى كەلمىگەن غېرىب-غۇرۋالارغا «ئىسقات» پۇلى ياكى گىردە نان بېرىلىدۇ. 2000-يىللارنىڭ ئالدىدا ئۇراس گۈگۈت، ناۋاي نېنى قاتارلىقلار بېرىلەتتى. قازا قىلغۇچىنىڭ ئوغۇللىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ زاراتگاھلىققا ماڭىدۇ. جىنازا نامىزىغا قاتناشقانلارنىڭ كۆپچىلىكى بىللە بارىدۇ. ئاياللارنىڭ بېرىشى چەكلىنىدۇ، جەسەت قەبرە ئىچىگە ئەكىرىلىپ بولغاندىن كېيىن، پۈتكۈل جامائەت ئۆيلىرىگە قايتمايلا ئۇدۇل ھازىدارنىڭ ئائىلىسىگە پەتىگە كېلىپ قۇرئان-تىلاۋەت قىلىپ ھەممە كىشى زىكرى بىلەن ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ، قازا ئەتكەن كىشى ئايال بولسا تاۋۇتقا ئېسىل گۈللۈك يوپۇق ياپىدۇ، ئەر بولسا ئاپپاق ياكى قارا سىيدام سۇپەتلىك رەختتىن يوپۇق يېپىلىدۇ.

### زاراتگاھلىقلار

قەدىمكى زاماندا ھەر بىر ئائىلە جەمەتىنىڭ قەبرىستانلىقى بولاتتى.

مەسىلەن، بىزنىڭ يۇرتتا غۇپۇراجىم زاراتگاھلىقى، پەيتاجىمنىڭ زاراتگاھلىقى، دۆلەڭ مەھەللىنىڭ زاراتگاھلىقى، يېڭى مەھەللە زاراتگاھلىقى دەيدىغان زاراتگاھلىقلار بار. گۈمبەز قوپۇرۇپ قەبرىنى شۇنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرىدىغان، قەبرىنى ياغاچ ۋادەكلىك، رېشاتكا ئىچىگە ئالىدىغان، ھويلا ئىچىگە ئالىدىغان، بەزىبىر قەبرىنىڭ باش تەرىپكە تۇجمە، گۈل-گىياھلارنى قويۇپ ئۆستۈرىدىغان، ۋاپات بولغۇچى «مەرھۇم»، «مەرھۇمە»نىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە يېزىپ ئەينەكلىك ياغاچ جازا ياكى تۆمۈر جازا ئىچىگە ئېلىپ، قازا قىلغۇچىنىڭ باش تەرىپىگە بېكىتىۋېتىدىغان ئۆرپ-ئادەتلەر بار.

### قازا قىلغۇچىنىڭ ۋەسىيىتى

ئۇيغۇرلاردا ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادەتلىرى بار، كېسەل بولۇپ قېلىپ ساقىيىشىغا كۆزى يەتمىگەن كىشىلەر جان ئۈزۈشتىن بىر نەچچە ھەپتە ياكى ئاي بۇرۇن ئۆز يۇرتىغا يېنىپ كېلىدىغان، «ئاتا-ئانامنىڭ ئايىغىدا ياتىمەن، ئۆز يۇرتۇمدا ياتىمەن» دەيدىغان «مەرھۇم»، «مەرھۇمە» ئارزۇلىرى بار. شۇڭا قازا قىلغۇچىنىڭ خوتۇن-بالىلىرى ياكى بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى ئۆز يۇرتىغا ئەكىلىپ قويىدۇ ياكى قازا قىلغاندىن كېيىن جەستى دېگەن يېرىگە قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ. ھەر بىر روزى ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە نامازدىن كېيىنلا بالا-چاقىلىرى قېرىنداشلىرى قەبرىستانلىققا بېرىپ يوقلاپ خەتمقۇرئان قىلىپ قايتىدىغان ئادەتلەر بار. ئاتا-ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش ئۈچۈن يىراق-يېقىندىكى بالىلار ھەر يىلى چوڭ ئۆيگە جەم بولۇپ قەبرىنى يوقلايدۇ.

### ھازا

ھازا ئۆلۈپ كەتكەن يېقىن ئادەم ئۈچۈن قىلىنغان يىغا-زار ھازا دېيىلىدۇ. قازا قىلغۇچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە يېقىن ئۇرۇق-تۇغقان جەمەتلىرى رەھمەتلىككە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە قازا قىلغان كىشىنى سېغىنىش تۇيغۇسىدا ئىپادىلەنگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرى، سۈپەت-پەزىلەتلىرى ئادەمگەرچىلىكى، بۇ ھەقتە يېزىلغان مەرسىيەلىرى ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ روھى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. يۇرتتىكى جامائەتلار مۇسىبەت دەرياسىغا چۆمۈلىدۇ.

مەرسىيە ناملىرىنى ئېيتىش ئادەتلىرى ئۇيغۇر خەلقى تارىخىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»كە قەيت قىلىنغان پۈتۈن ئالەمگە تارقالغان مەرسىيە ناملار مۇنداق:

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ؟
يامان دۇنيا قالدىمۇ؟
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

بىلىملىكلەر، ئاقىللار خارابلاشتى؛
دۇنيا (ئۇلارنىڭ) گۆشىنى غاجىلىدى؛
ئەردەم گۆشىن بۇزۇلدى،
يەرگە تېگىپ سورۇللار.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دا مۇشۇ مەزمۇندىكى مەرسىيە ناملار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەرسىيەنامە بىر خىل ژانىر سۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتتىن ئورۇن ئالغان بۇ هازا قوشاقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆلۈم-يېتىم ئۇزىتىش ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىگە بىر قىسىم ئەسەبىي ئۇنسۇرلار ئارىلىشىپ ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتسە يىغلىماسلىق، توي-تۆكۈنگە ناخشا ئوقۇسا، ئۇسسۇل ئوينىسا، ساز چالسا يامان بولىدۇ، مەسچىتكە چىقمىغان ئادەملەرنىڭ نەزىر بېرىشى هارام، سۈرەتى بار پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ ئېلىۋەتمەي ئوقۇغان ناماز مەكروھ، دىنسىزلارغا سالام قىلسا يامان بولىدۇ، دەيدىغان ئەسەبىي سەپسەتىلەر بۆلۈك-پۇچقاقلاردا پەيدا بولماقتا. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، ئەسەبىي، غەيرىي كۈچلەرنىڭ مەنىۋى نامراتلىق، ماددىي نامراتلىقنى چىللاش، روھىيىتىمىزنى مەدەنىيەت نۇرى بىلەن يورۇتۇشتا توسقۇنلۇق قىلىش.

بىزنىڭ ئۆلۈم-يېتىم ئۇزىتىش ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك، كىشىلىك مۇھەببەت نامايەندىلىرى، دوستلۇق، مېھرىبانلىق، ئىناق-ئىنتىپاقلىق، ئۆز-ئارا كۆيۈنۈش، بىر-بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشتەك ئىنسانىي پەزىلەتلەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ فولكلور ئەنئەنىسىدە غەيرىي يامان ئىللەتلەر ئەيىبلىنىپ كەلگەن ۋە هازىرمۇ ئەيىبلەنمەكتە ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەنىۋى قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت مىراس بايلىقىمىزنى چىڭ تۇتۇپ، ئېگىز كۆتۈرۈپ، دەۋرىمىزنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ماس كەلمەيدىغان يۇقىرىقىدەك تۇرمۇش شارائىتىمىز بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزگە توسالغۇ بولىدىغان ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ هۇجەيرىسى بولغان هەربىر كىشى ئۆزىدە ياخشى ئەخلاق، ياخشى تۇرمۇش قارىشى، ئەڭ توغرا قىممەت قارىشىنى تىكلىشى لازىم.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن گۈزەل ئەنئەنىلىرىنى قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغدىشىمىز، ئۇلۇغ ئەنئەنىلىرىمىزگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ كەلگۈسىگە ئەۋلادقا ئۆز قىممىتى بىلەن يەتكۈزۈشىمىز لازىم.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناهىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتى كۆتۈپخانىسىدىن)

# بىلدۈرگۈ

شائىر ئۇچقۇنجان ئۆمەرنىڭ «ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن قەترىلەر» ناملىق كىتابى يېقىندا شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ «ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى قامۇسى»، «سەلەي چاققاننىڭ هاياتى ۋە لەتىپىلىرى» ناملىق يىرىك كىتابىدىن كېيىنكى يەنە بىر سەمەرىلىك ئەمگىكىدۇر. بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر فولكلورى، ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى هەققىدىكى يېرىم ئەسىرلىك ئىزدىنىش هەم تەتقىقاتىنىڭ مەهسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ نەشر قىلىنىپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن 25-كىتابىدۇر.

«ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن قەترىلەر» ناملىق بۇ كىتاب ئۈچ چوڭ قىسىم، 40 نەچچە بابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر فولكلورى ۋە مەدەنىيەت ساهەسىدىكى ئۇزاق يىللىق جاپالىق ئىزدىنىشى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تونۇشى، قۇتقۇزۇش ۋە قوغداشقا دائىر بايانلار. ئۇيغۇر ئەل ئىچى ئەدەبىياتىنىڭ رىۋايەت، قوشاق، لەتىپە، يۇمۇر-چاقچاقلار هەققىدىكى بايان ۋە نەمۇنىلىرى، ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ «يىپەك يولى»دىكى نۇرلۇق مەرۋايىت دەپ نام ئالغان قەشقەردىكى بايلىق — ئىزنالىرى، قەدىمىي ئۆي-ئىمارەت بىناكارلىقى، ناخشا-ئۇسسۇل، ۋاهىزلىق، هۈنەر-سەنئەت، ئارخېئولوگىيە، مىللىي چالغۇ-ئەسۋابلار قاتارلىق مەزمۇنلار شەرھلەنگەن.



# ئۇيغۇر مىسكەرلىكىنىڭ سەنئەتلىك قىممىتى

سابىرجان سىيىت

ئۇيغۇر مىسكەرلىكى دەۋر تەرەققىياتىغا ماس ھالدا تۈرلۈك ئېھتىياجنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئۇ بەدىئىي ماھارەت ۋە خىلمۇخىل گۈزەللىك مۇجەسسەملەنگەن ئالاھ..دە سەنئەت شەكلى بولۇپ، مىستىن ياسالغان بۇيۇم..رغا ئىنچىكىلىك بىلەن دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ، گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشى، ئېتىقادى گۈزەل سەنئەت چۈشەنچىلىرى چوڭقۇر يۇغۇرۇلغان.

مىستىن پايدىلىنىپ ھەرخىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش ھەرقانداق بىر خىل مەدەنىي چىقىدىغان كانلار بىلەن باغلىق بولىدۇ. مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مەدەنى «تۆچ، تۆمۈر» قوراللار دەۋرىنى ھېسابلىغاندىمۇ جۇغراپىيەلىك شارائىت تۈپەيلى مىس قوراللارنى ياساش ماكانىمىزدىكى ئەڭ بۇرۇنقى مەنىۋى زامانلارنى تەشكىل قىلىدۇ. قەدىمكى زەرگارلار «ھەتتا ھازىرمۇ» مىسنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش ھۈنىرىنى بىلىدىغانلار بار. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئىزدىنىش ۋە ئەقىل-پاراستىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭ مەيلى ئىنسانلار جەمئىيىتىدە تۇتقان ئورنى، مەيلى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى جەھەتتىن بولسۇن تۈرلىرىنىڭ كۆپ، سەرخىللىقى ۋە گۈزەل-نەپىسلىكى بىلەن خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ ھۈنەر ئەجدادلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى، داۋاملاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە كۆز يۇمغۇسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. جاپاكەش خەلقىمىز بۇ مەدەنىيەت مىراسنى قوغداپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە ئېلىپ كەلدى. رىقابەتكە تولغان بازار ئىگىلىكى ۋە ساياھەتچىلىكتىن ئىبارەت تەرەققىيات پۇرستى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. مىسكەرلىك خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ كەڭ ئومۇملاشقانلىقى ۋە تەرەققىي قىلغانلىقى بىلەن بىر مەدەنىيەت قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ۋە ياشاش ئادىتىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن.

قىسقىسى، مىسكەرلىك خەلقىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى ۋە ئېسىل مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىنى

ۋە تۇرمۇشقا بولغان گۈزەللىك قارىشىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم ۋاستىگە ئايلانغان. ئۇ ھۈنەر - سەنئەت جەھەتتىن يۇكسەك بەدىئىي ئۇسلۇبقا، ئىشلىتىش ئۇسلۇبى جەھەتتىن، ئەركىن ۋە كۆپ قاتلاملىقا، مەشغۇلاتتا قولاي ۋە جانلىقلىقا ئىگە بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ سەنئەتخۇمار، ھۆنەرگە باي، ئەقىللىق، تىنىم تاپماس روھى نامايان قىلىنغان.

خەلقىمىز مىستىن ياسالغان بۇيۇملارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن بولسىمۇ، كېيىنچە مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ھېرىسمەنلىك سەل سۇسلىغان، جەمئىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە كىشلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن مىس بۇيۇملارنىڭ قىممىتىنى قايتىدىن تونۇشقا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن مىس بۇيۇملارنىڭ بازىرى كۆندىن-كۈنگە جانلاندى، مىسكەرلىك ھۈنىرىمۇ تەرەققىي قىلىپ مىستىن ياسالغان بۇيۇملار كىشلەرنىڭ تۇرمۇشىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەم قويۇشى بىلەن ھەممە نەرسە ئېلېكترونلىششقا يۈزلەندى. تۇرمۇش بۇيۇملىرى بۇ يۈزلىنىشنىڭ ئالدى بولدى، مۇشۇ قاتاردا مىستىن ياسالغان بۇيۇملارمۇ شاللىنىش خەۋپىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۇرۇش، باشقا تۈردىكى ماتېرىياللاردىن چىداملىق، كۆركەم، زىيانسىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئېلېكترونلاشقان جەمئىيىتىمىزدە يەنىلا ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

مىسنى چىداملىق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب ئاساسلىقى، مىستىن ياسالغان بۇيۇملارنى كۆپ قېتىم قەللە قىلىپ ئىشلەتسە 50 يىلدىن 100 يىلغىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق چىدايدۇ. مىسنىڭ رەڭگى باشقا مېتاللارغا قارىغاندا ئوچۇقراق بولغاچقا، مىستىن ياسالغان بۇيۇملار كۆركەمرەك كۆرۈنىدۇ. مىستىن ياسالغان بۇيۇملار بۇ ئالاھىدىلىكلىرىدىن باشقا يەنە ساقلاش قىممىتىگە ئىگە بولغاچقا، دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتىدە مىستىن ياسالغان بۇيۇملار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ، تۇرمۇشىمىزدا ئەزەلدىن مېھمان ئەزىز ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق مېھمانغا تاماق تارتىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ئاپتۇۋا، چىلاپچىدا قولغا سۇ بېرىلىدۇ. بۇ بۇيۇملارغا ئاساسلىقى «ئانار»، «ئانار يوپۇرمىقى»، «ئانار گۈلى»، «ھۆسنخەت» قاتارلىق ئون نەچچە خىل نەقىش چېقىرىلىدۇ. مىس بۇيۇملارغا چېقىرىلغان نەقىش ۋە بېزەكلەر خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بىر خىل ئەجايىپ كەشپىياتى بولۇپ، ھۈنەرۋەنلەر ئىجاد قىلغان ۋە ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان، رەڭگارەڭ گۈل، ئۇچار قۇش، ئۆسۈملۈك قاتارلىقلارنىڭ شەكىللىرى چۈشۈرۈلگەن، نەقىش بېزەكلەر ۋە كۆركەم گۈل نۇسخىلىرىدىن خەلقىمىزنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسى، تەبىئەت دۇنياسىنى چۈشىنىشى ۋە ئىپادىلىنىشى يارقىن ئەكس ئەتكەن.

مىس بۇيۇملارغا نەقىش چېقىرىش سەنئىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ئىنچىكە تېخنىكىلىق ھۈنەر - سەنئەت. ئۇيغۇر مىسكەرلىكىدىكى نەقىش سەنئىتىنىڭ ھەر بىر تۈرى، مۇرەككەپ ئىش ھالقىلىرىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن سەنئەتلىك شەكىلگە كىرىدۇ. بەزى تۈرلەرنىڭ ئويۇش - چاپلاش ھالقىلىرى خېلىلا مۇرەككەپ بولۇپ، يۇقىرى تېخنىكا، ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا بەزىلەرىگە زامانىۋى ئۇسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ گۈل نۇسخىلىرى سىزىپ چېقىرىلىدۇ. لېكىن يەنىلا كۆپ قىسىملىرى قول بىلەن تەپسىلىي، ئىنچىكە ئىشلىنىدۇ. مىسكەرلىكىمىز ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىش جەريانىدا، نەقىش گۈل نۇسخىلىرى تېخىمۇ كۆپەيىپ، رايونىمىز، ئىچكىرى ئۆلكە ۋە خەلقئارادىكى



هۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچىلارنىمۇ ئۆزىگە كۆپلەپ جەلپ قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ. مىستىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىكى نەقىش ۋە گۈللەر ئىنتايىن يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى، سەنئەت چۈشەنچىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مىسكەرلىك ئاددىي ھالەتتىكى شەكىل چىقىرىپ، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساشلا بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇر هۈنەر ـ سەنئەت جەۋھىرىنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرىدا ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىس بۇيۇملارغا ئويۇلغان نەقىش شەكىللەر ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشتەك ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ۋە كامالەتكە يەتكەن هۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ نامايەندىسى.

مىستىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىچىدە ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى بولسۇن ياكى مەخسۇس ئىشلىتىدىغان بۇيۇملار بولسۇن، خاتىرە ئۈچۈن ياسالغان بۇيۇملار بولسۇن ھەممىسى بەلگىلىك شەكىل، نەقىش قاتارلىقلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. مىس بۇيۇملاردا مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن، شۇنداقلا مىس بۇيۇملار مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتنى گەۋدىلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

مىس بۇيۇملار بارلىققا كېلىپ ئىشلىتىشكە باشلىغاندىن كېيىن خەلقىمىز مىستىن ياسالغان بۇيۇملارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن بولسىمۇ، مىس باھاسى يۇقىرى بولۇش سەۋەبلىك ئارىلىقتا بىر مەزگىل مىس بۇيۇم بازىرى ياخشى بولمىغان بولسىمۇ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن كىشىلەر بەدەنگە پايدىلىق بولغان مىس بۇيۇملارنىڭ قىممىتىنى قايتىدىن تونۇپ يەتمەكتە. مىس بۇيۇملارنىڭ بازىرىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلاندى، مىسكەرلىك هۈنىرىمۇ تەرەققىي قىلىپ مىستىن ياسالغان بۇيۇملارنى كىشىلەر تۇرمۇشغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى.

مىس ــ بىر خىل كان مەھسۇلاتى، رەڭلىك مېتاللار قاتارىغا كىرىدۇ، سىرتقى يۈزى تەكشى، قىزغۇچ رەڭلىك بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ رەڭگى قوڭۇر رەڭلىك بولۇپ، ئويۇل ھالەتتە بولىدۇ.

ھازىرقى زامان تېببىي ئىلمىدە مىستىن ياسالغان چەينەكتىكى قايناتقان چاي تەركىبىدە كۇففىين ماددىسى،



ۋىتامىن c بولۇپ ئۇ ياغ مالېكۇللىرىنى پارچىلاپ، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. قورساق كۆپۈش، كۆڭۈل ئېلىشىش ئالامەتلىرىنى تۈگىتىدۇ، ئىششىقنى ياندۇرىدۇ. قەرزىتمىنى قايتۇرىدۇ. ئېغىز، ئۈچەي، ئاشقازاننىڭ ئاغرىقىنى توختىتىش، قاننى راۋان قىلىپ ماغدۇرسىزلىقنى يوقىتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، ھاردۇقنى چىقىرىش رولىنى ئوينايدۇ دېيىلىپ، خەلقىمىزنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە سىڭىپ كىردى.

رايونىمىز خەلقئارادىكى مۇھىم سودا يولى بولغان يىپەك يولىدىكى مۇھىم تۈگۈن ۋە ئۆتەڭ بولۇش سۈپىتى، ئەۋزەللىكى بىلەن تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ مىس بۇيۇملارنى سودىگەرلەر ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە، قوشنا دۆلەت ئەللەرگە ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يۆتكەپ سېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مىس بۇيۇملىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى چەت ئەللەرگە تونۇتۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مىستىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ نۇسخىلىرى تېخىمۇ سەرخىللاشتى ھەم كۆپەيدى، قەدىمىي نۇسخىلار يېڭىلىنىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە چەت ئەل ساياھەتچىلىرى ياخشى كۆرىدىغان يېڭى ـ يېڭى ئېسىل نۇسخىلار مەيدانغا كەلدى، بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان قەدىمىيلىك بىلەن زامانىۋىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى نۇسخىلار ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى، ئەقىل ـ پاراستىنى هۈنەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەردى.

بازار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىياتىدا



مۇھىم رول ئويناپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەرەپ، بازاردىن مۇستەسنا ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىش ئالاھىدىلىكىنى تولۇق شەرھلەپ بەرگىلى، ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي مەنىۋى تەرەققىياتىنى، جۇملىدىن ئىقتىسادىي ھاياتىنى سۈرەتلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بازار ۋە بازار ئىگىلىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى، ئۇيغۇر خاراكتېرىنى چۈشىنىشنىڭ مۇھىم ئاچقۇچلىرىدىن بىرىدۇر.

ئۇيغۇرلار ئاللىبۇرۇن بازاردىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ زور ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي فۇنكسىيەسىنى ئىستىخىيىلىك ھالدا تونۇپ يەتكەن ۋە ئۇنىڭ رولىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ كەلگەن. بازار ئىگىنى «ئاناڭ-بازار، داداڭ بازار» دېگەن بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغان. بۇ گەپنى ئوبدان تەھلىل قىلساق، ئۇنىڭدىن ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي قانۇنىيەت، بازار مېخانىزمى، بازار ئارقىلىق تەڭشەش، بازار ئىگىلىكى دېگەن ئۇقۇملارنىڭ مەنىسى چىقىپ تۇرىدۇ. «كاجنى بازار ئوڭشايدۇ» دېگەندىن ئىقتىسادىي رىقابەتنىڭ كۈچىنى، رولىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بازار ئىگىنى ۋە بازار مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. يۇقىرىقى ماقال-تەمسىللەردە ئىپادىلەنگەن بازار ئىگىنىڭ ئۆزىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ بازارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى بازار قۇرۇلمىسى ۋە سودا، تىجارەت ئۇسۇللىرىدىن ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنى، جۇملىدىن بازار قانۇنىيىتىنى ئىستىخىيەلىك ھالدا يەكۈنلەپ چىققانلىقى ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق سىناپ بازار مېخانىزمىنى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا بازار ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى ياراتقانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. دېمەك بازار ئىگىلىكى ئەسلىي ئۇيغۇرلارغا يېڭى نەرسە ئەمەس، پەقەت نەزەرىيەلەشمەگەن ياكى ھازىرقى زامان ئۇقۇمى ۋە فورمىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن ئۇقۇم خالاس. شۇڭا ئۇنى ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش، يېڭى ئاتالغۇ ۋە ئۇقۇملار بويىچە قېلىپلاشتۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، جۇملىدىن ئۇنى ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتە، مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بازار رىقابىتى كەسكىنلىشىۋاتقان مۇشۇنداق شارائىتتا، ئۇيغۇر مىسكەرلىكى ياسىغان ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا پۇت تىرەپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇرالىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئۇنىڭ نەپىس، كۆركەم، گۈزەل، چىدامىلىق بولۇشىدا. نۆۋەتتە مىستىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ بازىرى ئىتتىك بولۇۋاتىدۇ، ساياھەتچىلەر، تىجارەتچىلەر، ئىستېمالچىلار، ئەتىۋارلايدىغان بۇيۇمغا ئايلاندى. ھازىر كىشىلەر قىممىتى يۇقىرى بولسىمۇ، كۆركەم، چىرايلىق، نەپىس بۇيۇملارغا قىزىقىدىغان، زىننەت ئورنىدا تىزىپ قويىدىغان، بىر قىسىملىرىنى ئائىلىلەردە ئىشلىتىدىغان، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان مىس بۇيۇملارنى يىراقتىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، دوست-بۇرادەرلىرىگە سوۋغا قىلىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ ئۇنىڭ قىممىتىنى ئاشۇردى.

ئۇيغۇر خەلقىمىز يىپەك يولىنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان مىللەتلەرنىڭ بىرى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقىنى يوق. ئەكسىچە مىسكەرلىككە ئوخشاش، ھۈنەر-سەنئەت كەسپىمىز تەرەققىياتىدا، ماس قەدەمدە راۋاجلانماقتا، مۇكەممەللىشىپ، گۈللەنمەكتە.

(ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن)

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۆشۈك جابدۇق مەدەنىيىتى









ئابدۇخېلىل مىرخېلىل

ئۇيغۇرلار مەيدانغا كەلتۈرگەن مەدەنىيەت تىپلىرى ناھايىتى نۇرغۇن بولۇپ، بۇ خىل مەدەنىيەت تىپلىرى تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئۆزگىچىلىكى، مىللىي خاسلىقى، جۇلالىق ۋە رەڭدارلىقى، مەزمۇنىنىڭ مول، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى، ئىشلىتىش دائىرىسىنىڭ كەڭ ۋە ئومۇمىي، ئەپلىك ھەم ئاممىباپلىقى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقلىي- ئىدراكىنىڭ يېمىرىلمەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى جاھان خەلقىگە نامايان قىلدى.

مەن بۇ ماقالىمدە خەلقىمىز ياراتقان كۆركى كۆكتەك، مېھرى يازدەك مەدەنىيەتلىرىمىز ئارىسىدىكى نەزەرگە ئانچە ئېلىنىپ كەتمەيدىغان، ئەمما بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبى بىلەن بىر گەۋدىلەشىپ، ئۇيغۇر ھاياتىنى قاتلاملىق مەنا بوشلۇقىدا تەۋرىتىپ كېلىۋاتقان يەنە بىر مەدەنىيەت تىپى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۆشۈك جابدۇق مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئىزدەنمىلىرىمنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇشنى لايىق كۆردۈم. ئۇيغۇرلاردا ئاش- تاماق ئېتىش ئىشى ۋە ماھارىتى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تۆشۈك دەپ ئاتىلىدۇ. ئاش- تاماق ئېتىش ۋە يېمەك- ئىچمەك تەييارلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان

بارلىق قورال-سايمانلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تۆشۈك جابدۇقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ھەربىر تۆشۈك جابدۇقى ئىجتىمائىي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىي تىرىكلىكىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇق سەپىرىدىكى ئۆچمەس ئىزنالىرىنىڭ يارقىن سەمەرىسى سۈپىتىدە زامانلاردىن-زامانلارغا تۇتۇشىدۇ.

تۆۋەندە مەن تۆشۈك جابدۇقلىرىنىڭ نامى، ئىشلىتىش ئورنى، دائىرىسى، قۇرۇلمىسى ۋە ياسىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىن تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

ئوچاق — ئوچاق ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىدە كۆپ قاتلاملىق مەنىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلار بىلەن تەقدىرداش بولۇپ كەلگەن. ئوچاق ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچكەنلىكىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە زامانلاردىن بۇيان ئۇلارنى بىر مەركەزگە ئۇيۇشتۇرۇپ، قەلبىنى ئىللىتىپ، تارىخنى تارىخلارغا ئۇلىدى. شۇ ۋەجىدىن ئوچاق بىرپۈتۈن ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ يادروسىغا ئايلاندى. بىزدە ئوچاقلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھازىر بار بولغانلىرى سۇپا ئوچاق، كالا ئوچاق، شور ئوچاق، تاش ئوچاق، مورا ئوچاق، مانتا ئوچاق، يەرئوچاق ۋە شالالىق ئوچاقتىن ئىبارەت. ئوچاق ئوچاق سۈپىسى، ئوچاقنىڭ ئۈستى ئېغىزى، ئوچاق مورىسى، ئوت قالاش ئېغىزى، ئوچاق ئىتلىغى دېگەن تەركىبلەرگە ئىگە بولۇپ، ئوچاق سېلىشتا بۇ تەركىبلەر قانۇنىيەتلىك ئېلىپ بېرىلمىسا، ئوچاقتا ئوت نورمال كۆيمەيدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئوچاق بېشىدا ئولتۇرۇش قاتتىق چەكلىنىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوچاقنى مۇقەددەس بىلىش ۋە ئۇلۇغلاش ئېڭى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن ئىرىملىك يوسۇنلاردۇر. ئۇيغۇرلاردا «كىشى ئوچاق بېشىدا ئولتۇرۇپ قويسا، قېيىنئاتا ۋە قېيىنئانىسىنىڭ يېنىدا ئوسۇرۇپ قويىدۇ» دېگەن گەپلەر كەڭ ئومۇملاشقان. ئوچاققا ئاساسەن قۇرۇغان شاخ-شۇمبا، زىرائەت پاخلى، كېۋەز، قوناق شادىسى، مەدەك، چارۋاماللار تەرپىدىن يەپ چىقىرىلغان خەشەك، ھايۋان تېزىكى، تۇرلۇك دەرەخلەرنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتى قالمىغان كېرەكسىز ياغاچلىرى، قوراي، چاتقال قومۇش قاتارلىقلار يېقىلغۇ قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە ئوتۇن يېقىلغۇلارنى ئۇلۇغلاش ئېڭى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ھەرقانداق شارائىتتا ئوتۇننى دەسسىمەيدۇ، ئوتۇننى ئۈستى ئۇچۇق ئورۇنغا تاشلىمايدۇ. ئوتۇن ئۇۋاقلىرىنى خوددى نان ئۇۋاقلىرى قاتاردا كۆرۈپ ئۇلۇغلايدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە ئاشقان ئوتۇننى ئوچاق ئالدىدىن يۆتكىمەيدىغان ئىرىملىك ئادەتلەرمۇ بار بولۇپ، بۇنداق قىلسا، قىز-ئوغۇللىرىنىڭ تويلىرى پۈتۈشكەن بولسىمۇ يېنىپ كېتىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئوچاق بىر ئائىلىگە نىسبەتەن تولىمۇ مېھىرلىك تۆشۈك ئەسلىھەلىرىنىڭ بىرى بولغاچقا، ئۇيغۇرلاردا «قىزنىڭ بولسا ئوچاقتەك، يىگىت كېلەر قوچاقتەك» دېيىدىغان ماقال كەڭ ئومۇملاشقان.

تونۇر — تونۇر ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى تارىخى ئۇزاق، تۈرى كۆپ ئىشلىتىلىق تۆشۈك ئەسلىھەسى بولۇپ، تونۇرنىڭ تۈرلىرىدىن كوم-كوم تونۇر، قۇيما تونۇر، يەر تونۇر، يۆزلىمە تونۇر قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. تونۇر تونۇر سۈپىسى، تونۇر تېگى، تونۇر ئېغىزى، داپخۇن، تونۇر يېنىدىن ئىبارەت تەركىبلەردىن تۈزۈلىدۇ. يەر تونۇردىن باشقا ھەممە تونۇرغا سۇپا چىقىرىلىدۇ. تونۇرنىڭ ئەڭ مۇھىم ماتېرىيالى شور توپىسى بولۇپ، شور توپىسى ياخشى تاللانمىسا، تونۇر ياخشى چىقمايدۇ. شور توپىسى تۇز سۈيى بىلەن لاي قىلىنىپ، لايغا قوي يۇڭى ۋە ئۆچكە چۈپۈرى يېتەرلىك ئارىلاشتۇرۇلۇپ، لاي ئۆزلەشكىچە يۇغۇرۇلۇپ پىشۇرۇلىدۇ. ئالدىن قېزىپ تەييارلانغان يەر تونۇر بىلەن خام كېسەكتە ياسالغان يۆزلىمە تونۇر پىشۇرۇپ يۇغۇرۇلغان شور لاي بىلەن يۆزلىنىدۇ. كوم-كوم تونۇر ئالدى بىلەن سېغىز توپا ياكى كۆمىلاچ لاي بىلەن تونۇرنىڭ مودېلى ياسىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇغۇرۇپ پىشۇرۇلغان شور لايىنى ئۆلچەم ۋە قائىدە بويىچە چاپلاپ، چاپلانغان شور لاي جاراڭلاپ قۇرىغاندىن كېيىن شور لاي ئىچىدىكى مودېل تونۇر ئېلىپ تاشلىنىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. قۇيما تونۇر پىشۇرۇلغان لاي كىچىك بىلەك تومىلۇقىدا 40-50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا پىلتە قىلىنىپ، بىر قۇر-بىر قۇردىن قۇرۇپ ياسىلىدۇ. ئومۇمەن تونۇرلارنىڭ تېگى كەڭرەك، قورساق قىسمى گومرەڭگۈ ئۈستى تار ھالەتتە ياسىلىدۇ. ھەرقانداق تونۇرنىڭ ئېغىز قىسمى شورلايدىن قېلىن ھەم چوڭ گىرۋەك چىقىرىپ ياسىلىدۇ. تونۇرغا ئوچاققا ئوخشاشلا قۇرۇغان شاخ-شۇمبا، زىرائەت پاخلى، كېۋەز، قوناق شادىسى، مەدەك، چارۋا ماللار تەرپىدىن يەپ چىقىرىلغان خەشەك، ھايۋان تېزىكى، تۇرلۇك

دەرەخلەرنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتى قالمىغان كېرەكسىز ياغاچلىرى، قوراي، چاتقال قومۇش قاتارلىقلار يېقىلغۇ قىلىندۇ. چالا كۆيىدىغان يېقىلغۇلار قالانمايدۇ. تونۇر يۇقىرىقى ئوتۇن-يېقىلغۇلار بىلەن قىزدۇرۇلۇپ، تونۇرنىڭ ئوتى باشلىقى پالاق شەكلىدە ياسالغان ئۇزۇن كۇسەي بىلەن ئوتتۇرىغا يىغىلىدۇ. ئاندىن تونۇرنىڭ ئىچكى يۈزىگە ئاز مىقداردا سۇ مېيى قېتىلغان شاكراپ چېچىلىدۇ ھەم ئوت ئۈستىگە ئاز-ئازدىن سۇ چېچىلىپ تونۇرنىڭ ھاۋاسى تەڭشىلىپ، نان يېقىلىدۇ. ئۇيغۇرلار تونۇرنى قىزىتقاندا دەسلەپتە خېمىرىغا ئالاھىدە ئىشلەپ ۋە باشقا خۇرۇچلار ئارىلاشتۇرۇلغان، نېپىز راسلانغان بىر خىل نان ياقىدۇ. بۇ گاس نان دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «سەن ياخشى، مەن ياخشى، تونۇر قىزىق نان ياخشى» دېگەن ماقال بار. ئۇيغۇرلاردا تونۇر بېشىدا تۇكۇرۇش، مىشقىرىش، زۇڭزىيىپ ئولتۇرۇش چەكلىنىدۇ.

ئاشتاختا ــ ئاشتاختا يېمەك-ئىچمەك ئىشلىرىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان، ئىشلىتىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولغان تۆشۈك جابدۇقلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. ئاشتاختا ئادەتتە سۆگەت، ئۈجمە، تاغ تېرىكى، كىگىز تېرەك، توغراق قاتارلىقلارنىڭ ياغىچىدا بىر مېتىر، بىر مېتىر 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 30 سانتىمېتىر كەڭلىكتە پەن تىلىنىپ، ئۈستى يۈز قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسى ئېگىزرەك، ئىككى تەرىپى پەسرەك، ئاستى يۈزىنىڭ ئىككى تەرىپى ئېگىزرەك، ئوتتۇرىسى ئويپاڭراق قىلىپ ياسىلىدۇ. ئاشتاختا سۇيۇقئاش، خولۇپ ئاش، ئۈگرە ئاش، نارىن ئاش، ياپىلاق چۆپ ئاش، كەسمە چۆپ ئاش، كاۋا مانتىسى، بېدە كۆكى، گۆش چۆچۈرىسى، تۇرلۇك خۇرۇچلۇق تۇگۈر، پېتىر يۇتازا، پېتىر قاتلىما قاتارلىق خېمىرى كەڭ يېيىلىدىغان تاماقلارنىڭ خېمىرىنىڭ يۈزىنى تەكشى ۋە نېپىز قىلىپ ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

نوغۇچ ــ نوغۇچ سۇيۇقئاش، خولۇپ ئاش، ئۈگرە ئاش، نارىن ئاش، ياپىلاق چۆپ ئاش، كەسمە چۆپ ئاش، كاۋا مانتىسى، بېدە كۆكى، گۆش چۆچۈرىسى، تۇرلۇك خۇرۇچلۇق تۇگۈر، پېتىر يۇتازا، پېتىر قاتلىما قاتارلىق تاماقلىرىمىزنىڭ خېمىرىنى ئېچىلىدىغان تاماق تۈرلىرىنىڭ تەلپى ئاساسىدا يېيىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقىدىن ئىبارەت. نوغۇچ ئادەتتە جىگدە، سۆگەت، تېرەك قاتارلىقلارنىڭ ياغىچىدىن ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، بىر مېتىر 20 سانتىمېتىر، توملۇقى كەتمەن دەستىسى چوڭلۇقىدا، ئوتتۇرا قىسمى تومراق، ئىككى بېشى ئىنچكىرەك ھالەتتە سىلىق ۋە سىپتا قىلىپ ياسىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئىشلەتكەن نوغۇچ تۈرىدىن ئۇزۇن نوغۇچ، كالتە نوغۇچ ۋە سېكىلەك قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇزۇن نوغۇچنى يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق.

قىسقا نوغۇچ ــ ژىت، قۇيماق، گۆشنان جىلتىسى قاتارلىق يېمەكلىكلەرنىڭ يۈزىنى ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقلىرىنىڭ بىرى. ياسىلىش ئۇسۇلى ئۇزۇن نوغۇچنىڭ ياسىلىشى بىلەن تامامەن ئوخشايدۇ. ئۇزۇنلۇقى ئاساسەن 30 ـ 40 سانتىمېتىردىن ئاشمايدۇ.

سېكىلەك ــ مانتا، سامسا، تۇگۈر، چۆچۈرە قاتارلىق تاماقلارنىڭ جىلتىسنى ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقى. ئاساسەن ئالما، ئۆرۈك، چىلان، تېرەك قاتارلىقلارنىڭ ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. سېكىلەكنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، 30 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، بىلەك توملۇقىدىكى قۇرۇتۇلغان ياغاچ تەييارلىنىپ، تەييارلانغان ياغاچنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن 12 سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ ئىككى بېشى تىك قىيپاش شەكلىدە باش بارماق توملۇقىدا قالغۇچە يونۇپ ئېلىنىپ، سىلىق سىپتىلاشتۇرۇلۇپ ياسىلىدۇ.

داستىخان ــ داستىخان كىر كۆتۈرۈشلۈك، رەڭگى ئوچۇقراق ھەرخىل رەختلەردىن ھەر خىل شەكىللەردە تىكىلىپ تەييارلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز يېمەك-ئىچمەك ئىشلىرىمىزدا داستىخانسىز ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ قالماي، بەلكى ئەقىللەرنى لال قىلغۇدەك داستىخان مەدەنىيىتىنىمۇ ياراتقان پاراسەتلىك خەلقتۇر. داستىخاننىڭ تۆت چاسا، كەڭ ئۇزۇن چاسا، تار ئۇزۇن چاسىدىن ئىبارەت تۈرلىرى بار. تۆت چاسا، كەڭ ئۇزۇن چاسا داستىخانلارنىڭ تۆت ئەتراپى ئازراق ئىچىگە بۈكۈلۈپ قىرغاق چىقىرىلىپ تىكىلىپ تەييارلىنىدۇ. بەزى ھاللاردا كۈچۈك چىشى چىقىرىلىپ ياكى چۇچۇلا قىلىنىپمۇ تەييارلىنىدۇ. تار ئۇزۇن چاسا داستىخاننىڭ ئۈچ تەرىپى بۈكۈلۈپ، بىر تەرىپى ئىيەن قالدۇرۇلىدۇ. بۇ خىل داستىخانى سورۇندا جامائەت ئالدىغا سالغاندا بۈكۈلمىگەن تەرىپى سىرتقا قارىتىپ سېلىنىدۇ. داستىخانى قاتلاپ سېلىش توغرا كەلگەندە، داستىخاننىڭ قاتلانغان تەرىپى يۇقىرىغا، ئوچۇق تەرىپى سىرتقا قارىتىپ سېلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇيغۇرلاردا مېھمان ۋە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ يولىنىڭ ئوچۇق بولۇشىنى تىلەشتەك ياخشى تىلەكلەرنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا

يەنە داستىخاندىن ئاتلاش، داستىخانغا قول سۇرتۇش
قاتتىق چەكلىنىدۇ. «داستىخانغا قول سۇرتسە، قولىغا تـە-
كىنەك» «يامان سۇپەتلىك جاراھەت» چىقىدۇ» دەيدىغان
گەپ بار.

سۇپرا ــ سۇپرا يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىمىزدە
مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، ئىشلىتىش تارىخىي ئۇزاق
تۆشۈك جابدۇقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇن تاسقاش،
سۇيۇق ئاش تىپىدىكى تاماقلارنىڭ خېمىرىنى يۇغۇرۇش،
يېيىش، نان زۇۋۇلىسىنى ئېچىش، نان راسلاش قاتارلىق
ئىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ. سۇپرا ئادەتتە قېلىنراق توقۇلغان،
كەڭلىك ــ ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىر بولغان پاختا
رەختنىڭ ئىچىگە ئاق خەسىدىن ئەستەر ئېلىنىپ تىكىلىدۇ.
سۇپرىنىڭ تۆت تەرىپىگە تۆت خالتا چاپلىما يانچۇق شەك-
لىدە تىكىلىدۇ. بۇ خالتىلارنىڭ ئىچىگە ئاچچىق خېمىر
(خېمىرتۇرۇچ)، تۇز ۋە ئاز مىقداردا ئۇن سېلىپ قويۇل-
دۇ. بەزى ئائىلىلەردە بۇغداي ئۇن سۇپرىسى بىلەن
قوناق ئۇن سۇپرىسى ئايرىم-ئايرىم بولىدۇ. قوناق ئۇن
سۇپرىسى قوناق ئۇنى تاسقاش، زاغرا نان خېمىرىنى يۇ-
غۇرۇش، پوم قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلگەندىن
سىرت، قوناق كۆمىچى، زاڭ، يوبدان، قوناق ئومىچى،
موندىلەك، سىقماق، ياما پولۇ قاتارلىق تاماقلارنى ئېتىش-
كە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا سۇپرىغا مۇناسىۋەتلىك
نۇرغۇن ئىرىملىك ئادەتلەر شەكىللەنگەن بولۇپ، سۇپرىغا
دەسسەش، سۇ تۆكۈش ۋە باشقا غەيرىي نەرسىلەرنى
قويۇش قەتئىي چەكلىنىدۇ. سۇپرىنى باشتا كىم يايغان
بولسا، شۇ كىشى يىغىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا
ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئىشنى باشلىغان ئادەم ئاخىرىغىچە
ئېلىپ چىقىش، يېرىم يولدا تاشلاپ قويماسلىقتەك ئارزۇلى-
رى سىڭگەن بولۇشى مۇمكىن. سۇپرا يايغان كىشىنىڭ
سۇپرا يىغىشقا زادى ۋاقتى بولماي قالسا، باشقا كىشى تە-
رىپىدىن يىغىلىدۇ. مۇنداق چاغدا سۇپرا يىغقۇچى «سۇپرى-
نىڭ ئىگىسى تويغا كېتىپتۇ» دېگەن ئىرىملىك گەپنى
ئېيتىپ يىغىشى شەرت. سۇپرا ھەرقاچان پاكىز يەرلەردە
ساقلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ھەرقانداق ئائىلىدە سۇپرا بولىدۇ
ھەم ئەۋلادمۇئەۋلاد قالدۇرۇلىدۇ. ئۆي ئايرىپ چىققان
باللارغا مەخسۇس سۇپرا تەييارلاپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ياكى
سۇپرا خالتىلىرىغا ئاز-ئازدىن ئۇن، تۇز، خېمىرتۇرۇچ
سېلىپ قويۇلىدۇ. سۇپرىغا خەلقىمىزنىڭ پاكىزلىق ئېڭى ۋە
ئىقتىسادچانلىق ئېڭى سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا
خەلقىمىزنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئىشلىرىغا ناھايىتى ئەستايى-
دىل مۇئامىلە قىلىشتەك ئېسىل خىسلىتى چاقناپ تۇرىدۇ.
ئۇيغۇرلاردا سۇپرىنى ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا يۇيۇش ئا-
دىتى بار.

كۆپ ــ كۆپ زاپاس سۇ تولدۇرۇپ قويۇلىدىغان
تۆشۈك جابدۇقلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىر ئائىلىلەر-
دە زاپاس سۇ ئېلىپ قويۇلۇۋاتقان ھىجىر كۆپلەرگە ئوخ-
شايدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئىلگىرىلا ياغاچتىن كۆپ ياساپ
ئىشلەتكەن. كۆپ ياساش كىشىدىن ئالاھىدە ماھارەت ۋە
تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان ھۈنەرلەرنىڭ بىرىدۇر. كۆپ
ياساش ئۈچۈن ئاساسەن سۇدا ئاسان كۆپۈۋالمايدىغان،
چىرىمەيدىغان، تالاسى زىچ ۋە پۇختا ياغاچلاردىن قارى-
غاي، سۆگەت، ئۈجمە، تاغ تېرىكى، كىگىز تېرەك، قىين،
چىلان، شاپتۇل، جىگدە قاتارلىقلارنىڭ ياغىچى تاللىنىدۇ.
ئاۋۋال ياسىلىدىغان كۆپنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئاساسىدا
ماتېرىيال تاللىنىپ، ياغاچچىلىق جابدۇقلىرى بىلەن راسلى-
نىدۇ. راسلانغان ماتېرىياللار بىر-بىرىگە كۆپ ياساش قا-
نۇنىيىتى ئاساسىدا ئۆلچەمگە لايىقلاشتۇرۇپ قۇراشتۇرۇلى-
دۇ. كۆپنىڭ تېگى تەرىپى بىلەن ئېغىز تەرىپى تار،
قورساق قىسمى كەڭرەك گۇمرەڭگۈ ھالەتتە ياسىلىدۇ.
كۆپ ئېغىزىنى يېپىش ئۈچۈن تۇۋاق ياسىلىدۇ. تۇۋاقمۇ
شۇ خىلدىكى ياغاچلاردىن مەلۇم قانۇنىيەت ئاساسىدا يا-
سىلىدۇ. كۆپ ساپ تەبىئىي ياغاچتىن ياسىلىدىغان بولغاچ-
قا، مۇھىت ۋە سالامەتلىككە زىيىنى يوق، قويۇلغان
سۇنىڭ سۈپىتىنى بۇزۇپ قويۇشتىن يىراق. كۆپكە تولدۇ-
رۇپ قويۇلغان سۇ يازلىقى مۇزدەك، قىشلىقى نورمال
ساقلاشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئە-
چىملىك سۇ مەسىلىسىنى ئىلمىي ھەل قىلىشنىڭ يارقىن سە-
مەرىسىدۇر.

سوغا ــ سوغا سۇ توشۇش ۋە سۇ ساقلاشتا رولى
ناھايىتى چوڭ ھەم ئىشلىتىشكە ئەپچىل، سۇنى پاكىز ۋە
سوغۇق ساقلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغان تۆشۈك
جابدۇقتۇر. سوغا ئاساسەن ئۈجمە، چىلان، جىگدە،
نەشپۈت، بېھى قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخ ۋە توغراق، قاپاق
تېرەك، سۆگەت، تاغ تېرىكى قاتارلىق تالاسى زىچ، سۇدا
ئاسان كۆپۈشۈپ كەتمەيدىغان، چىدامچانلىقى كۈچلۈك دە-
رەخلەرنىڭ ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. سوغا ياساشمۇ كۆپ

ياساشقا ئوخشاشلا كىشىدىن ئالاھىدە ماھارەت ۋە تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان ھۈنەرلەرنىڭ بىرىدۇر. ئاۋۋال ياسىلىدىغان سوغىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئاساسىدا ماتېرىيال تاللىنىپ، ياغاچچىلىق جابدۇقلىرى بىلەن راسلىنىدۇ. راسلانغان ماتېرىياللار بىر ـ بىرىگە سوغا ياساش قانۇنىيىتى ئاساسىدا ئۆلچەمگە لايىقلاشتۇرۇپ قۇراشتۇرۇلىدۇ. سوغىنىڭ تېگى تەرىپى بىلەن ئېغىز تەرىپى تەڭ ھالەتتە سىلىندىر شەكلىدە ياسىلىدۇ. سوغىنىڭ ئۈستى تەرىپىنىڭ ئىككى يېنىغا قۇلاق بېكىتىلىپ، كەكە دەستىسى تومۇلۇقىدىكى بىر تال تاياقچە سوغىنى ئەپكەش ئىلغۇچىغا ئېلىش ۋە كۆتۈرۈش ئۈچۈن توغرىسىغا قويۇلىدۇ. سوغا ئېغىزىنى يېپىش ئۈچۈن تۇۋاق ياسىلىدۇ. تۇۋاقمۇ شۇ خىلدىكى ياغاچلاردىن مەلۇم قانۇنىيەت ئاساسىدا ياسىلىدۇ.

ئەپكەش — ئەپكەش ئۇيغۇرلارنىڭ تۆشۈك جابدۇقلىرى ئىچىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. سۇ توشۇش ۋە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئاساسەن تالاسى زىچ، چىدامچانلىق كۈچلۈك بولغان قارا سۆگەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىر، كەڭلىكى يەتتە سانتىمېتىر كېلىدىغان تىلما رايكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن 50 سانتىمېتىر ئارقىلىق كەڭ قىرسىز، ئىككى بېشىمۇ قىرسىز ۋە تارراق ئېلىنىپ، ئىككى بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تېشىلگەن تۆشۈككە ئۈچىغا تاغاچ ئىلمەك بېكىتىلگەن تاسما تاكى ئىنچىكە ئىلمەكلىك زەنجىر ئورنىتىپ ياسىلىدۇ.

كومزەك — كومزەك يېمەك ـ ئىچمەك ئىشلىرىمىزدا رولى ناھايىتى چوڭ، تارىخى ئۇزاق، سەنئەتلىك خاراكتېرى كۈچلۈك، ئاساسەن سۇ مېيى، ھايۋان مېيى، سۇ مېيى بىلەن ھايۋان مېيى مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تەييارلانغان ئەبجەش ماي، مېۋە شىرنىلىرىدىن قىلىنغان تۈرلۈك شەربەتلەر ئېلىنىدىغان تۆشۈك جابدۇقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ساپ تەبىئىي ياغاچتىن ياسالغاچقا، مۇھىتنى بۇلغىمايدۇ. ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرغاچقا، ئىچىگە سېلىنغان تۈرلۈك يېمەك ـ ئىچمەكلەر ئاسان بۇزۇلمايدۇ. كومزەك تۇرقىغا قاراپ ئارا كومزەك ۋە كىچىك كومزەككە، ھەجىمىگە قاراپ تۈز تاپانلىق ۋە كەڭ تاپانلىق ياپقۇچلۇق كومزەك، تاق قۇلاقلىق ۋە قوش قۇلاقلىق ياپقۇچلۇق كومزەك، چوڭ ياپقۇچلۇق، ئارا ياپقۇچلۇق ۋە كىچىك ياپقۇچلۇق كومزەك دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. كومزەك شەكلى قورساقلىق، بوغۇزى تار، ئېغىزى كىچىك، يەنى ئاستى ـ ئۈستى تار، قورساق قىسمى كەڭ ھالەتتە ئويۇپ، يونۇپ ۋە قىرىپ ياسىلىدۇ.

ھاۋانچا — ھاۋانچا ئاساسەن دورا ـ دەرمەك، تاماققا سېلىنىدىغان تەم تەڭشىگۈچ خۇرۇچلارنى يانجىپ سوقۇش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، چىدامچانلىقى كۈچلۈك، تالاسى زىچ ياغاچتىن ئىچىنىڭ تېگى ئويپاڭ، قورساق قىسمى گۈمرەڭگە، ئۈستى تەرىپى ئېغىزى تەرەپكە قىيسايغان ھالەتتە تار، 15 ~ 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا، سىرتىنىڭ ئاستى تەرىپىگە تەگلىك چىقىرىلغان، ئوتتۇرىسى قورساقلىق، ئۈستى تەرىپى ئېغىزى تەرەپكە قىيسايغان ھالەتتە تار ياسىلىدۇ. ھاۋانچىدا دورا ـ دەرمەك، تاماققا سېلىنىدىغان تەم تەڭشىگۈچى خۇرۇچلارنى يانجىپ سوقۇش ئۈچۈن مەخسۇس تاش ياسىلىدۇ. بۇنى سوقا تاش دەپ ئاتايدۇ. دورا ـ دەرمەك، تاماققا سېلىنىدىغان تەم تەڭشىگۈچى خۇرۇچلارنى يانجىپ سوقۇشتا سوقا تاشنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. سوقا تاش كۆپىنچە ئەھۋاللاردا تەبىئىي تاشلارنىڭ مۇۋاپىق كەلگەنلىرىدىن تاللىنىدۇ. ھاۋانچا بىلەن سوقا تاش بىر گەۋدە بولۇپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ.

قازان — قازان ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ۋە ئىنتايىن كۆپ ئىشلىتىش رولىغا ئىگە بولغان ئالاھىدە تۆشۈك جابدۇقىدۇر. قازاننىڭ تۈرلىرىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، ئۆلچىمى جەھەتتىن داش قازان، ئارا قازان، كىچىك قازان دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. قازان ياسالغان ماتېرىيال ئەھۋالىغا قاراپ، مىس قازان، چويۇن قازان، قۇم قازان، تۈچ قازان، ئاليومىن قازان ۋە ساپال قازان دېگەن تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قازاننىڭ يەنە ئاسما قازان (داڭقان) دەيدىغان بىر تۈرىمۇ بار. قازان ئۇيغۇرلارنىڭ تۆشۈك ئىشلىرىدا ئىشلىتىش دائىرىسى تولىمۇ كەڭ جابدۇق بولۇپ، ئىستېمالىمىزدىكى زور كۆپ سالماقتىكى تاماقلارنىڭ ھەممىسى قازان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، مەرىكە ـ مۇراسىم، سەيلە ـ باراۋەت قاتارلىق چوڭ يىغىلىشلاردا داش قازان ئىشلىتىلىدۇ. ئۆيگە كۆپرەك مېھمان كەلسە ياكى كىچىكرەك يىغىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا ئارا قازان ئىشلىتىلىدۇ. كىچىك قازان ئادەتتە ئاز جانلىق ئائىلىلەردە ۋە ئېتىلىش مىقدارى ئاز بولغان تاماقلارنى

پىشۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئاسما قازان ئۇزاق سەپەرلەرگە چىققان كارۋانلار، ئېشەكچىلەر ، ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئەسكەرلەر تاماق ئېتىپ يەيدىغان قازان بولۇپ، ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتىكى، نامىسز بارماق تومىلۇقىدىكى ئۈچ تال تۆمۈر چىۋىق بىر تۈگۈنگە ھەرىكەتچان ھالەتتە چېتىلىدۇ. تۈگۈننىڭ ئۈچ يېرىدىن بەلگىلىك ئۆلچەم بويىچە تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۈچ تال ئىلگۈچ ئېلىنىدۇ. ئاسما قازاننىڭمۇ قۇلاق قىسمىغا ئېلىنغان ئۈچ تال زەنجىر تۈگۈندىكى ئۈچ تال ئىلگۈچكە ئېلىنىپ ئېسىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقار»، «بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق، قازىنىڭنىڭ قاينىشىغا باق»، «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ»، «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار»، «قازاننىڭ گۇۋاھچىسى چۆمۈچ»، «بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس، قازان بېشىدىن چۈشمەس»، «گول قازانغا قارار، تادان ئوچاققا»، «قىزغانچۇقنىڭ قازىنى تۆشۈك»، «تۆشۈك قازانغا پۇچۇك تۇۋاق»، «ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» دېگەن ماقال-تەمسىللەر كەڭ قوللىنىلىدۇ.

014.

تۇۋاق ـــ تۇۋاق قازاننىڭ ياپقۇچى بولۇپ، ئادەتتە سۇدا ئاسان كۆپمەيدىغان، تالاسى زىچ ياغاچلارنىڭ پېنىدىن مۇئەييەن ھۈنەر ۋە تېخنىكا بىلەن ياسىلىدۇ. ئاۋۋال يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ياغاچ پەنىلىرى قېلىنلىقى ئىككى ~ ئۈچ سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى تۇۋاق ئۆلچىمىگە لايىقلاشتۇرۇلۇپ راسلىنىدۇ. ئاندىن راسلانغان پەنىلەر بىر-بىرىگە ياپسالاشتۇرۇپ چېتىلىدۇ. پەنىلەر چېتىلىپ بولغاندىن كېيىن، قازان ئېغىزىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى نەزەرگە ئېلىنىپ، چەمبەر شەكلىدە سىم ھەرە بىلەن ئايلاندۇرۇپ كېسىلىدۇ ھەم تۇۋاقنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن زاكرۇ (يوچۇق ئېچىش) تارتىلىپ، تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە ئېرىقچە ئېلىنىپ، ئاستى تەرىپى كەڭرەك، ئۈستى تەرىپى تارراق بىر تال رايكا زاكرۇ تارتىلىپ، ئېلىنغان ئېرىقچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ تۇتقۇچ قىلىنىدۇ. تۇتقۇچنىڭ ئىككى بېشىنىڭ ئون سانتىمېتىرچە ئارىلىقى يانتۇ ھالەتتە چېپىپ ئېلىنىپ، تۇۋاقنىڭ ئۈستىنكى يۈزى بىلەن تەڭلەشتۈرۈلىدۇ. ياغاچ تۇۋاق نىسبەتەن سۇ-مۇرۇشچانلىققا ئىگە تەبىئىي ياغاچلاردىن ياسالغاچقا، قايىنىتىلىۋاتقان سۇ تەركىبىدىكى بەزى مىكرۇبلارنى ئۆزىگە سۈمۈرۈۋېلىپ، سۇنىڭ ساپلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا تاماقتىن كېيىن، قازان تۇۋىقىنى يېپىپ قويۇپ دۇئا قىلىش ئومۇم ئادەتكە ئايلانغان. تۇۋاقنىڭ تۈرلىرىدىن قازان تۇۋىقى، كۆپ تۇۋىقى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

جىمبىل ـــ جىمبىل مانتا، ھور نان، تۈرلۈك خۇرۇچلۇق يۇتازا، يالاڭ ھېسىپ، تۇخۇم تۈرمىلى، ئاق بەتتە قاتارلىق تاماقلارنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. جىمبىل ياساش ئۈچۈن مەخسۇس يەرلىك قارا تېرەك ياغىچى ماتېرىيال قىلىنىدۇ. جىمبىل قارا تېرەك ياغىچىدىن راسلانغان ئىككى سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى، بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى ئۇششاق رايكىلار بىر-بىرىگە مۇئەييەن ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ، تېگى يۈزىگە تارتىلغان تاغاقچە ئارقىلىق چېتىلىدۇ. ئاندىن ئىشلىتىدىغان قازاننىڭ چوڭ-كىچىكلىك ئۆلچىمى بويىچە چەمبەر شەكلىدە ئايلاندۇرۇلۇپ سىم ھەرە بىلەن كېسىپ ياسىلىدۇ. جىمبىلدە تاماق پىشۇرۇشتا جىمبىل قازان ئىچىگە سېلىنىپ، ئۈستى تۇۋاق بىلەن يېپىلىپ، تۇۋاق ئۈستى قىيمىپەش قاتارلىقلار بىلەن چۆمكۈلۈپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ ھورنى توسۇپ، تاماقنى پىششىق ھەم سۈپەتلىك پىشۇرۇش رولى بولىدۇ.

قاسقان ـــ قاسقان مانتا، ھور نان، تۈرلۈك خۇرۇچلۇق يۇتازا، يالاڭ ھېسىپ، تۇخۇم تۈرمىلى، ئاق بەتتە قاتارلىق تاماقلارنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. قاسقان ياساش خەلقىمىزدە خېلى بۇرۇنلا ئومۇملاشقان. قاسقانغا مەخسۇس يەرلىك قارا تېرەك ياغىچى، شوينا يىپ ۋە ماتا رەخت ماتېرىيال قىلىنىپ، رەندە، كەكە، قول ھەرىسى، توغرا بىسلىق پىچاق، دەرەش (بىگىز)، ئۇشكە، تاختاي ئىگىدىغان چىغرىق شەكىللىك مەش قاتارلىق ياغاچچىلىق سايمانلىرى ئىشلىتىلىپ، قاسقان ياساشنىڭ مۇئەييەن قانۇنىيىتى بويىچە ياسىلىدۇ. قاسقاندىن ئىبارەت تۆشۈك جابدۇقىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، قارا تېرەك ياغىچى نەملىك سۈمۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغاچقا، قاسقانغا سېلىنغان مانتا، ھۆرلۈك نان، تۈرلۈك خۇرۇچلۇق يۇتازا، يالاڭ ھېسىپ، تۇخۇم تۈرمىلى، ئاق بەتتە قاتارلىق تاماقلار قاسقاندا قانچىلىك ئۇزاق تۇرسىمۇ قارا تېرەك ياغىچىنىڭ نەملىكى بىلەن نورمال نەملىكىنى ساقلاپ، تاماق سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قاسقان قازان گىرۋىكىگە مىندۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ. قاسقان شەكلىگە قاراپ دۈگىلەك قاسقان ۋە تۆت چاسا قاسقان دەپ

ئىككىگە، ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ مانتا قاسقىنى، هورنان قاسقىنى دەپ ئىككىگە، قەۋەتلىنىشىگە قاراپ بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت ۋە بەش قەۋەتلىك قاسقانلارغا بۆلۈنىدۇ. قاسقان قاپقىقى پەي بىلەن مۇنتىزىم ياسالغاچقا ھەم قاسقان قاپقىقى ماتا رەخت بىلەن قاپلانغاچقا، هور قاچمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا قىيما پەش يېپىش هاجەتسىز.

چويلا ـ چويلا سۇدا پىشۇرۇلىدىغان لەڭمەن چۆپى، تۇگۇر، كۆك چۆچۈرىسى، نارىن چۆپى، ئۇگرە چۆپى قاتارلىقلارنى سۈزۈش بىلەن بىللە، ياغدا پىشۇرۇلىدىغان بوغۇرساق، قۇيماق، ژىت، سامبوسا، پىلتە قۇيماق قاتارلىق يېمەكلىكلەرنىمۇ سۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقى. ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز سۆگەت، تېۋىلغا، يۇلغۇن، قارىياغاچ، توغراق قاتارلىق ياغاچلارنىڭ تىلىدىن چويلىنى مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە توقۇپ تۆشۈك ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن. چويلا سۈزۈش جابدۇقى بولۇپ، يۇقىرىقى ياغاچلارنىڭ تاللىرى بىلەن راسلىنىپ، چويلا شەكلىدە توقۇلۇپ، مۇئەييەن ئۇزۇنلۇقتا تۇتقۇچ چىقىرىلىپ توقۇلىدۇ. بۇنداق چويلا قىزىق ئاش سۈيى ۋە قىزىق سۇ يېغى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىنمۇ ھېچقانداق ئەكس تەسىرلىك ئەھۋال پەيدا قىلمايدۇ.

ساپلىق ــ ساپلىق ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئىشلىرىدا رولى چوڭ، ئىشلىتىلىدىغان ئورنى كۆپ بولغان تۆشۈك جابدۇقى بولۇپ، ئاساسەن ئۇجمە، ئۆرۈك، چىلان دەرەخلىرىنىڭ ياغىچىدىن ئويۇپ، نەقىش چىقىرىپ ياسىلىدۇ. ياسىلىشى يۇقىرىقى ياغاچلاردىن ماتېرىيال ئېلىنىپ، ئويۇش، يونۇش ۋە قىرىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۇيغۇرلار قورۇما يېمەكلىكلەرنى ئەزەلدىن كۆپ ئىستېمال قىلىپ كەلمىگەچكە، قورۇما قورۇيدىغان تۆمۈر تېپىدىكى ساپلىقلارنى ئاز ئىشلەتكەن ياكى ئىشلەتمىگەن.

قوشۇق ــ قوشۇق ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئىشلىرىدا رولى چوڭ، ئىشلىتىلىدىغان ئورنى كۆپ بولغان تۆشۈك جابدۇقى بولۇپ، ئاساسەن ئۇجمە، ئۆرۈك، چىلان دەرەخلىرىنىڭ ياغىچىدىن ئويۇپ، نەقىش چىقىرىپ ياسىلىدۇ. بۇخىل قوشۇقلارنىڭ ئەكس تەسىرى يوق، تاماق يېگەندە ئېغىزنى كۆيۈپ قېلىشتىن ساقلايدۇ. بولۇپمۇ ئۇششاق باللارغا تاماق يېگۈزۈش ۋە دورا ـ دەرمان ئىچكۈزۈشتە ئوينايدىغان رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ياغاچ قوشۇق هازىر ئىشلىتىلىۋاتقان قوشۇقلاردەك تاماقنىڭ قىزدىقى بىلەن قىزىپ كەتمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى تەبىئىي ۋە ساپلىقى بىلەن تاماق تەمىدە غەيرىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلمايدۇ.

ئەلگەك ــ ئەلگەك تاماق ۋە نان يېقىش ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان بۇغداي ۋە قوناق ئۇنلىرىنى تاسقاپ، ئۇنىڭدىكى كېپەك ھەم بەزىبىر ئارىلاشمىلارنى ئايرىش، قىسمەن ئەھۋاللاردا سۈت، سۇ سۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقى. ئەلگەك قېلىن ئەلگەك ۋە شالاڭ ئەلگەك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بۇغداي ئۇنى قېلىن ئەلگەكتە، قوناق، تېرىق، ئارپا ئۇنلىرى شالاڭ ئەلگەكتە تاسقىلىدۇ. ئەلگەك قۇرۇلما جەھەتتىن ئەلگەك قاسقىنى ۋە تاسقاش تورىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئەلگەك نېپىز تىلىنىپ قۇرۇتۇلغان سۆگەت پىنى تەپتى تۆۋەن قوقاسقا قاقلىنىپ، سىپتىلىق بىلەن ئېگىلىپ قاسقان هالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ، قاسقان تېگىگە تاسقاش تورى بېكىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا كېچىسى ئەلگەك سوراش (كېچىسى ئەلگەك سورىسا، بالىسى ئالغاي بولۇپ قالىدۇ) دەيدىغان ئېرىملىك قاراش بار. ئەلگەكنى ئۇن بىلەن قويۇپ قويۇش، ئەلگەكنى دۈم قويۇش چەكلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە «ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىپتۇ» دەيدىغان ماقال بار.

دۇشە ــ گۆش، كۆكتات توغراش تۈرلۈك قىيمىلىق تاماقلارنىڭ قىيمىسىنى قىلىش، قۇرۇتۇلغان قىزىلمۇچ، شوخلا قاقلىرىنى چاناپ يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقلىرىمىزنىڭ بىرى. دۆشە ئادەتتە سۆگەت، تاغ تېرىكى، كىگىز تېرەك، چىلان، ئالما، ئۆرۈك، قىين ياغىچى قاتارلىق تالالىرى بىر قەدەر پۇختا بولغان ياغاچلاردىن تۆت چاسا ياكى دۈگىلەك شەكىلدە ياسىلىدۇ. دۈگىلەك ياسالغان دۇشىلەرنىڭ چۆرىسى قاتتىقراق يېمەكلىكلەرنى پارچىلىغاندا يېرىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن پاكىز ئەيلەنگەن خام تاسما بىلەن چەمبەرلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا دۇشە، پىچاق ـ قىڭراقنى بىللە قويۇش، ئايرىم قويماسلىق تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

پىچاق ــ پىچاق تۈرلۈك تاماقلارنى ئېتىش ئۈچۈن كېتىدىغان كۆكتات، گۆش، قىيما قاتارلىق خۇرۇچلارنى توغراش، چاناش ۋە قىرىش، ئاقلاش دېگەندەك ئىشلارغا ئىشلىتىلىشتىن سىرت، نان زۇۋۇلىسىنى كېسىش، تاماق خېمىرلىرىنى ئېتىلىدىغان تاماق تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇپ كېسىشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئاساسەن تۆمۈر، پولات قاتارلىق مېتاللار بىلەن مەخسۇس تۆمۈرچىلەر تەرىپىدىن سوقۇپ ياسىلىدۇ. پىچاق پىچاق بىسى، پىچاق دەستىسى، پىچاق

يۇزلۇكى ۋە پىچاق ئارقىسىدىن تەركىب تاپىدۇ. پىچاقنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەرقايسى تۈرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلىتىلىش ئورنى بولىدۇ. تۆشۈك پىچىقى تۆشۈك ئىشلىرىدىن باشقا ئىشلاردا ئىشلىتىلمەيدۇ.

نان تاختا ــ نان تاختا ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىش ئورنى كەڭ ھەم مۇھىم بولغان تۆشۈك جابدۇقى بولۇپ، ئاساسلىقى، نان زۇۋۇلىسىنى تاۋلاش، نان، ژىت، قۇيماق يۇزىنى ئېچىش، تۈگۈر، مانتا، سامسا، گۆشنان، قاتارلىق يېمەكلىكلەرنىڭ جىلتىسىنى ئېچىش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، نان توشۇش ئىشلىرىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. نان تاختا ئاساسەن توغراق، سۆگەت، تېرەك، قارىغاي ياغاچلىرىدا تۆت چاسا ياكى دۈگىلەك شەكىلدە ياسىلىدۇ. تۆت چاسا نان تاختىنى ياساشتا يۇقىرىقى ياغاچ پەنلىرىدىن 40– 50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، 20 – 25 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى ئىككى تال پەن سىلىق، سىپتا رەندىلىنىپ، بىر-بىرىگە ياپسا كەلتۈرۈلۈپ چېتىلىدۇ. ئاندىن نان تاختىنىڭ تېگى تەرىپىنىڭ ئىككى باش تەرىپىگە يېقىن يېرىدىن توغرىسىغا زاكرۇ تارتىلىپ، تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدە ئېرىقچە ئېلىنىپ، ئېلىنغان ئېرىقچىگە ئىككى تال تاغاقچە سىلىنىپ پۇختىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئون سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە پۇت ئورنىتىلىدۇ. ئۈستى يۈز قىسمى يەنىمۇ سىلىق رەندىلىنىپ، قۇم قەغەز سېلىنىپ سىلىقلىنىدۇ. دۈگىلەك نان تاختا يۇقىرىقى ياغاچ پەنلىرىنى مۇئەييەن ئۆلچەم بويىچە راسلاپ، بىر-بىرىگە ياپسالاشتۇرۇلۇپ چېتىلىدۇ. ئاندىن سېرىتكۇل بىلەن چولڭ-كىچىكلىك ئۆلچىمى بويىچە چەمبەر ھاسىل قىلىنىپ، سىم ھەرە بىلەن ئايلاندۇرۇلۇپ كېسىلىپ، خالىغان بىر شەكىلدە تۇتقۇچ چىقىرىلىپ ياسىلىدۇ. تۇتقۇچىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ، پۇختىراق يىپ ياكى پاكىز تاسما ئۆتكۈزۈپ ھالقا قىلىپ قويۇلىدۇ. ھالقا قىلىنغان يىپ ياكى تاسما نان تاختىنى ئېسىپ قويۇش رولىنى ئوينايدۇ.

چەككۈچ ــ چەككۈچ يەنە بىر ئاتىلىشى تۈكچە بولۇپ، ئاساسەن راسلانغان نان ــ توقاچلارنىڭ ئۈستى يۈزلۈكىگە نەقىش ۋە گۈل چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقى. چەككۈچ ئادەتتە توخۇ، ئۆردەك، غاز قاتارلىق ئۆي قۇشلىرىنىڭ قانات ۋە قۇيرۇق پەيلىرىدىن مۇئەييەن شەكىل چىقىرىلىپ، دۈگىلەك ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ، يىپ-شوينىلار بىلەن مەھكەم باغلىنىپ، ئوتتۇرىنىڭ كۆپرەك قىسمى رەخت بىلەن قاپلىنىپ ياسىلىدۇ. يەنە بىر خىلى توغراق، سۆگەت، تېرەك، قاپاق تېرەك، تاغ تېرىكى، كىگىز تېرەك قاتارلىقلارنىڭ ياغىچىدىن چەككۈچ بولغۇدەك بادرا تاللىنىپ، يۇنۇش، قىرىش ئارقىلىق تېگى كىچىكرەك سىركايە چىنىنىڭ ئېغىزى چوڭلۇقىدا دۈگىلەك ھالەتكە تۇتقۇچى 12 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇق ۋە باش بارماق توملۇقىدا سوزۇنچاق ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ، تېگى يۈزلىكىگە ئۇششاق ياغاچ مىقلار قېقىلىپ ياسىلىدۇ.

چاي خالتىسى ــ چاي ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئادىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئىستېمال بۇيۇمىنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار چاي خۇمار بولۇپلا قالماي، چاي ساقلاشقىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن.

چاي خالتىسى مەخسۇس چاي ساقلاش رولىنى ئۆتەيدىغان تۆشۈك جابدۇقى بولۇپ، بۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ چاي خۇمارلىق خاراكتېرى سىڭگەن دېسەكمۇ خاتالاشمايمىز. چاي خالتىسى ئادەتتە كىر كۆتۈرۈشلۈك رەختلەردىن ئۈچ تەرىپى ئېتىك، بىر تەرىپى ئوچۇق ھالەتتە تىكىلىپ، ئوچۇق تەرىپى خالتا ئېغىزى سۈپىتىدە ئىچىگە بىر سانتىمېتىر ئەتراپىدا بوشلۇق قالدۇرۇلۇپ ئۇششاق تىكىلىپ، قالدۇرۇلغان بوشلۇقتىن پۇختا شوينا يىپ ئۆتكۈزۈلۈپ ھالقا ھالىتىدە چىگىلىپ تەييارلىنىدۇ.

پىشۇرۇق قېلىپى ــ پىشۇرۇق قېلىپى ئاساسەن نېپىز قەلەيدىن ياسىلىدۇ. ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز بۇ خىلدىكى پىشۇرۇق قېلىپلىرىنى تالاسى پۇختا، چىدامچانلىقى كۈچلۈك ياغاچلاردىن ياساپ ئىشلەتكەن. پىشۇرۇق قېلىپلىرىنىڭ شەكىللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلاردىن يوپۇرماق شەكىللىك، يۈرەك شەكىللىك، ئاي شەكىللىك، گۈل شەكىللىك، غىش شەكىللىك قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

تاۋا ــ تاۋانىڭ مىس تاۋا، چويۇن تاۋا، تۈچ تاۋا، ئاليۇمىن تاۋا دېگەن تۈرلىرى بار. تاۋا ئاساسەن، گۆشنان، قاتلىما نان، سامسا گۆشنان، پۆرە، داغلىما مانتا، تاۋا كاۋىپى، بۇغداي قوتۇرمىچى، قوناق قوتۇرمىچى قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقى بولۇپ، ئىشلىتىشكە ئەپلىكلىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگە.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە يېزا مويۇزگۆزەر مەكتەپتە)

# «مىراس» ژۇرنىلغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سىپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەرخىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، «كۆلكە ــ جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە ـ يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ ــ شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيەلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت ـ بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا ـ ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم ـ ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، باللارغا ئەقىل ـ پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۇك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە

بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 — 1130\1
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 — 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 — 60
تېلېفون نومۇرى: 0991 — 4554017
E-mail:miras uyghur @126.com
ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 36.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

# شەيتان بەت



قىززىق تاماشا

ھەر كاللىدە ھەر خىيال









دوپپىمىز خار لانمىسۇن





- دادام مېنىڭدىن كۈچلۈكتە.






## «تەڭرىتاغ كۆيچىسى» ـــ ئەل سۆيگەن خۇشئاۋاز ناخشىچى مەرھۇمە رابىيەم مۇھەممەت



1942 ـ يىلى كۇچا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1953 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1957 ـ يىلى شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، 1962 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ، شۇ يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستلك پارتىيەسىگە ئەزا بولغان. شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىدا ئاتاقلىق مۇزىكا مائارىپچىسى جۇۋ شياۋيەن خانىم، ۋاڭ پىڭسۇ مۇئەللىم ئۇنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئۇ ئاتاقلىق زاڭزۇ ناخشىچىسى سەيدەن جوما بىلەن بەش يىل بىرگە ئوقۇغان.

رابىيەم مۇھەممەت ئۆمۈرىنى سەنئەتكە بېغىشلاپ، ھاياتىنى، يېڭى دەۋرنى، پارتىيە ھەم خەلقنى ناخشىسى ئارقىلىق زوق ـ شوخ بىلەن كۈيلىدى. ئۇنىڭ كۈيلىرى تەگرى تېغىنىڭ ئېتەكلىرىگە، مەملىكىتىمىزنىڭ تاغ ـ دەريالىرىغا، دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا تارالدى.

رابىيەم مۇھەممەت 1956 ـ يىلى جۇ ئېنلەي زۇڭلى باشچىلىقىدىكى جۇڭگو سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە ھىندونېزىيەگە بېرىپ، باندۇڭ يىغىنىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتناشتى. شۇ يىلى يەنە فرانسىيەنىڭ مارسېل شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئوقۇغۇچىلىرى بىرلەشمە بايرىمىغا قاتناشتى؛ ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن تا ھازىرغىچە ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا ئەللىرىدىكى 30 نەچچە دۆلەتكە بېرىپ، جۇڭگو، جۈملىدىن شىنجاڭ خەلقىنىڭ سەنئىتىنى چەت ئەلدىكى تاماشىبىنلارغا تونۇشتۇردى ھەمدە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

رابىيەم مۇھەممەت ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 4 ـ، 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى؛ ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ كاندىدات ھەيئىتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ، 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى؛ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولدى. 1976 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ھەيئىتى، مۇئاۋىن نازىرى، شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى تەييارلىق گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پەخرىي رەئىسى، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ناخشا ئېيتىش جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

رابىيەم مۇھەممەت 1992 ـ يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن قازاقىستان ئالمائاتا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ئاسىيا ئاۋازى» خەلقئارالىق ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىنىڭ باھالىغۇچىسى بولدى.

1997 ـ يىلى «رابىيەم مۇھەممەد ناخشا سىنىپى»نى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 11 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەربىيەلىدى.

ئۇ ئاز كەم 60 يىللىق سەنئەت ھاياتىدا ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زېھنىي قۇۋۋىتى ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. خىزمىتىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلدى. ھاياتقا چىن مۇھەببەت بېرىپ، ئەقىدە ـ ئېتىقاد بىلەن ياشىدى. ناخشا ئېيتىش جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، خەلقنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. يېڭى ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇيغۇر سەنئىتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.



MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE

